ئەسەرلەر گۈلىستانى

# ئەقىل ئاچقۇچى سۆز خەزىنىسىنى ئاچىدۇ

(سەبئەئي ـ سەييار)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئەقىل ئاچقۇچى سۆز خەزىنىسى ئاچىدۇ

(سەبئەئي ـ سەييار)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ھەدىيۇللا ھەبىيبۇللا

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زاماننىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئەقىل ئاچقۇچى سۆز خەزىنىسىنى ئاچىدۇ» دېگەن كىتابتا بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 – 1501) نىڭ ھاياتى ۋە «سەبئەئى سەييار» دېگەن ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش[1]

## 1. نەۋائىي ھايات ـ پائالىيىتىنىڭ قىسقىچە بايانى

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى، چاغاتاي بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، جاھان سەلتەنەت تارىخىدىكى تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ مىسلىسىز ماھارەت نامايەندىسى ئەلىشىر نەۋائىي 1441 ـ يىل 9 ـ فېۋرالدا تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ 2 ـ سۇلتانى شاھرۇخ مىرزىنىڭ پايتەختى ھىرات شەھرىدە زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن بىرى بولغان غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەرنىڭ (1500 – 1551) 1541 – 1546 ـ يىللىرى يازغان «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ تومىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەسلى بەيئەز بەخشىيانى ئۇيغۇر ئەست، پەدەرى ئۇرا كىچىككىنە بەخشى مېگۇفتەند،

[1] ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپە قاراشلىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىل 2 ـ سان.

مەردى بۇد ئەلئەر رەسىم» (ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسىنى كىچىككىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى. ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى).

روشەنكى، ئەلىشىر نەۋائىي چىڭگىزخان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن 1221 - يىلى پۈتۈنلەي خانىۋەيران قىلىنىپ، ئۇغادايخان ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە بولۇپمۇ شاھرۇخ مىرزا زامانىدا تېز راۋاجلانغان يېڭى ھىرات شەھرىگە ئورۇنلاشقان ئۇيغۇر خەتتات - باخشى زىيالىيلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. قايتا گۈللەنگەن ھىرات تېز ئارىدا ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كۆپ مىللەتلىك خەلقئارا شەھەرگە ئايلاندى. شىمالىي تەرىپى «ئىنجىل»، جەنۇبىي تەرىپى «فىرۇز ئاباد»، شەرقى «خۇش»، غەربى «ئەنسارى» دەرۋازىلىرى بىلەن قاپلانغان ھىرات شەھرىدە 12 مەدرىسە ۋە مەخسۇس قوش گۇمبەزلىك كۇتۇپخانىلار ۋۇجۇدقا كەلدى.

نەۋائىينىڭ دادىسى غىياسىدىن كىچىك تۆمۈرىيلەر سارىيىدا يېقىن خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. 1447 - يىلى شاھرۇخ مىرزا ئۆلۈپ تەخت ماجىرالىرى كۆچەيگەندە، نەۋائىي ئائىلىسى ئىراقنىڭ تەفت شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى، بۇ يەردە نەۋائىي 7 — 12 ياشقىچە تۇردى. بۇ يەردە ياش ئەلىشىر نەۋائىي مەشھۇر تارىخچى، «زەفەرنامە» نىڭ مۇئەللىپى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ سۆھبەتلىرىگە نائىل بولدى. خۇراسان تىنچلانغاندىن كېيىن، 1452 -

www.uyghurkitap.com

يىلى نەۋائىي ئائىلىسى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ نەۋائىينىڭ دادىسى غىياسىدىن كىچىك ئەبۇل قاسىم بابىر (1452 - 1457) سارىيىدا خىزمەتكە كىرىپ، سەبزىۋار شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلدى. بۇ ئەسنادا ئەلىشىر نەۋائىي ھىراتتا ئوتتۇرا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى. نەۋائىي كۆرۈنگەن مۇزىكىچى سۇپىتىدە خوجا يۇسۇپ بۇرھانىدىنىدىن رەسمىي مۇزىكىچىلىك تەلىمى ئېلىشقا باشلىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ھىراتتا شائىر تاغىلىرى مىرسەئىد كابۇلى، مۇھەممەد ئەلى غەرىبى تەسىرىدە مەشرەپلەر، مۇشائىرە ئەنجۇمەنلىرىگە قاتنىشىپ، زور ئىلھاملار ئالدى. ئۇ 10 – 12 ياشلىرىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىپ قالدى. ئۇ ھىراتتىكى ئەينى زاماننىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتپى بىلەن تونۇشتى. لۇتفى نەۋائىينىڭ ئوقۇغان شېئىرلىرىدىكى ئاجايىپ پىكىر، ئوخشىتىش ۋە ماھارەتلىرىگە ھەيران قالغان ۋە ئۇنىڭغا زور ئىلھام بەرگەنىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي دادىسىدىن يېتىم قېلىپ، 15 ياشقا توشقاندىن كېيىن دوستى ۋە ساۋاقدىشى خۇراساننىڭ كەلگۈسى سۇلتانى ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ئەبۇلقاسىم بابىر سارىيىغا خىزمەتكە كىردى. ئەبۇلقاسىم بابىر 1456 - يىلى مەشھەت شەھىرىگە يۆتكەلگەندە بۇ ئىككى ياشنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار

مەشھەتتە بىللە ئوقۇدى. 1457 ـ يىلى ئەبۇلقاسىم بابىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھۇسەين بايقارا تەخت مىراسخورى سۈپىتىدە مەرۋىگە بېرىپ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىنى باشلىدى. ئەلىشىر نەۋائىي مەشھەتتە قېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئەلىشىر نەۋائىي مەشھەتتە تۆت يىل تۇردى. ئۇ لوگىكا، پەلسەپە، ماتېماتىكا پەنلىرىنى ئاساس ئىلىم سۈپىتىدە ئۆگىنىشتىن تاشقىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، شەيخ سەئىدى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋى داستانلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىدىن ئەھمەد يۈكنەكى، شەيخزادە ئاتايى، لۇتپى، سەككاكىنىڭ ئۆز تىلىدا ياراتقان ئاجايىپ ماھارەتلىك شېئىر ـ داستانلىرىدىن تەسىر ئالدى. نەۋائىي مەشھەتتە سەئىد ھەسەن ئەردەشىر ۋە كامال تۇرپەتى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ تونۇشقانىدى.

مەشھەتتە ئەلىشىر نەۋائىي دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئەھمىيەتلىك ۋەقەنىڭ بىرى ئۇنىڭ مەشھۇر تاجىك شائىرى رۇداكىدىن باشلانغان كلاسسىك تاجىك ـ پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى نۇرىددىن ئابدۇراخمان جامى (1414 – 1492) بىلەن تونۇشقانلىقى بولدى. نەۋائىينىڭ «زۇللىسان» دەپ ئاتالغان تۈركىي ۋە پارس ئىككى تىلدا شېئىر يېزىش ماھارىتى ئۇنىڭ جامى بىلەن تونۇشۇشىغا سەۋەب بولدى. سەددىدىن مۇھەممەد قەشقەرىنىڭ

كۇيئوغلى ۋە نەقشىۋەندىچىلىك سادىق مۇرىتى بولغان جامى 18 – 19 ياشلىق ئۇيغۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بىلىمى ۋە ئىستېداتىغا زور ھەۋەس بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

تەخت تالىشىشلىرى نەتىجىسىدە زالىم ئەبۇ سۇلتان (1451 – 1469) ھىرات تەختىگە چىقىپ، ۋەزىيەت تىنچلاندى. نەۋائىي 1459 - يىلى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. ئەمما، ئەبۇلقاسىم بابىرنىڭ يېقىنلىرىغا ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قارايدىغان ئەبۇ سەئىد، نەۋائىينى سەمەرقەندكە سۈرگۈن قىلدى.

ئەلىشىر نەۋائىي 1459 - يىلىدىن 1469 - يىلىغىچە 9 – 10 يىل سەمەرقەندتە ياشىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان سەمەرقەندتىكى ھايات ياشلىق قۇرامىغا تولغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي يۆنىلىشلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. نەۋائىي سەمەرقەندتە كۆپلىگەن ئالىملار ۋە ئەدىبلەر بىلەن تونۇشتى، بولۇپمۇ «ۋاپائى» تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر ئەدىبى ئەھمەد خوجابېك سۇلتان مەلىك قەشقەرى سەمەرقەندنىڭ ھاكىمى بولۇپ، نەۋائىيغا ھامىيلىق قىلدى. مەشھۇر ئالىم، مۇدەررىس فەيزۇللا ئەبۇللەيس نەۋائىينى ئۆز پەرزەنتى قاتارى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. نەۋائىي ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مىرزا خوجا سوغدى، سەئىد

قۇتىب سەمەرقەندى، شەيخ سۇھەيلى، يۇسۇپ سافائى، ئابدۇرازاق سەمەرقەندى، دۆلەتشاھ سەمەرقەندى، مۇھەممەد ئالىم سەمەرقەندى قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەسىرىدە ئۆستى.

ئەبۇ سەئىد سۇلتان غەربىي ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ، جەڭدە يېڭىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ھۇسەين بايقارا خوراسانغا سۇلتان بولۇپ، ھىراتتا تەختكە چىققاندىن كېيىن، 1469 - يىلى نەۋائىي ھىراتقا قايتتى.

نەۋائىي ھىراتتا ھۇسەين بايقارا باشچىلىقىدىكى مەركەزلەشكەن ۋە تەرەققىيپەرۋەر ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىش يولىدا كۈچەپ ئىشلىدى. ئۇ 1472 - يىلى 31 يېشىدا ئەمىر (ۋەزىر)لىككە بەلگىلەندى. ئوردا پىتنىچىلىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىشلىرى ئۈچۈن ۋاقتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى ئۇ 1476 - يىلى ۋەزىرلىكتىن ئىستېپا بەرگەنىدى. ھەر نەرسىنىڭ كۆشەندىسى بولغاندەك، ئەلىشىر نەۋائىيغا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن لەنتى مەجىدىدىن قاتارلىقلار كۆشەندىلىك قىلاتتى. ساراي زىددىيەتلىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن سۇلتان ھۇسەين بايقارا ئەلىشىر نەۋائىينى 1487 - يىلى ئاستراباتقا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان نەۋائىينىڭ ئىنىسى، بەلخ ھاكىمى دەرۋىش ئەلى نەۋائىينىڭ كۆشەندىسى مەجىدىدىنغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. سۇلتان ھۇسەين بايقارا دەرھاللا مەجىدىدىننى ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن

كېيىنلا ئەلىشىر نەۋائىي ھىراتقا قايتىپ كېلىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ياشانغاندا كېسەلچان بولۇپ قالدى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا قارشى ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن مىرزا ئىسيان كۆتۈردى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئىسياننى باستۇرۇپ ھىراتقا قايتقاندا ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانلار ئارىسىدا كېسەلچان ئەلىشىر نەۋائىيمۇ بار ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي 1501 - يىل 3 - يانۋار كۈنى — سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانى كۈتۈۋېلىشقا چىققان جايدا يىقىلىپ ئۆيىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر - شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇلۇغ نوپۇزى ئالدىدا ئوردىغا كىرمەي ئۇنىڭ جەستى يېنىدا تۇرۇپ، ھىراتتا زور جامائەت ماتەم مەرسىيىسى ئۇيۇشتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيغا بېغىشلانغان «رىسالە» سىنى يېزىپ چىقتى.

ئەلىشىر نەۋائىي 60 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 15 توم ھەجىمدە غايەت زور ئىلمىي ۋە بەدىئىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۇيغۇر - تۈركىي يازما ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يېڭى بىر مۇنەۋۋەر پەللە يارىتىپ، جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچتى.

نەۋائىينىڭ 200 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق نەزمى ئەسەر ياراتقانلىقى مەلۇم. نەۋائىي لىرىكىسى «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ياكى «چاھار دىۋان» دەپ

ئاتالغــان تــۆت كىتــاب بولــۇپ، ئــۇلار 3132 پــارچە غەزەل(شېئىر)، 44900 مىسرادىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ «فــانى» (ئــۆتكۈنچى) تەخەللۇســـىدا يازغـــان پارســـچە شــېئىرلىرىدىن تۈزۈلگــەن «دىــۋان فــانى» توپلىمىغا 12 مىڭدىــن ئــارتۇق مىســرا شــېئىرى كىرگۈزۈلگــەن. نــەۋائىي «نــەزمۇل جــەۋاھىرى» ۋە هــەرخىل قەســىدىلەردىن تــەركىب تاپقان بىر قاتار شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان.

نەۋائىي خەمسىچىلىكتە نىزامى، گەنجىۋى، خىسراۋ دىھلىۋىدىــن هــالقىپ، 1483 — 1485 - يىلللــرى مەشــھۇر «خەمسە نەۋائىي» — شېئىرىي رومانلار تۈركۈمىــنى يېزىپ تامــاملىدى. بــۇ داســتانلار «هــەيراتۇل ئــەبرار» (ياخشــى كىشـــىلەرنىڭ هـــەيرەتلىرى، 1976 مىســـرا)، «پـــەرھاد - شېرىن»، (11564 مىسرا) «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سـەييار» (يەتتــە يۇلــتۇز) «ســەددى ئىســكەندەر» (14430 مىسرا) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي بىرقانچە تۈمــەن مىســرالىق بــۇ شــېئىرىي رومــانلىرى ئــارقىلىق ئــۆزىنىڭ ئــۆز دەۋرىگــە خــاس پەلسەپــە - ئىجتىمــائىي - ئەخلاقىي قاراشلىرىنى، شەرق - غەرب مەدەنىيەت تارىخىغا ئــائىت ئىدىيىلــەرنى ئىپــادىلىدى. ئەلىشـــىر نــەۋائىي فەرىدىددىن ئەتتار (؟ - 1229)نىڭ «مەنتىقۇتتەير» (قۇش نۇتىقى نامىلىق تەسەۋۋۇپلۇق ئەسىرىدىن پەرقلىق بولغان) «لىســانۇتتەير» (قــۇش تىلــى) نــاملىق پــانتېئىزملىق پەلسەپىۋى داستان يازغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا 1500 - يىلى «مەھبۇبۇلقۇب» ناملىق ئەسەر يېزىپ ئىجتىمائىي

قاراشلىرىنى يىغىنچاقلىغان.

ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نافائىس»، «مىزانۇلئەۋزەل» (شېئىرىيەتتە ۋەزىن ئۆلچەملىرى)، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» قاتارلىق سەنئەتشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ يەنە «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مول بىلىمى ۋە بەدىئىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىش ئۆز ئالدىغا خاس «نەۋائىيشۇناسلىق» ساھەسىنى تەشكىل قىلدى. بۇ ئىلمىي ساھە يالغۇز نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تېكستولوگىيىسى، تىلى ۋە ئۇسلۇبى، بەدىئىي مەزمۇنى ھەم شەكلىنى تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، پەلسەپە - ئىدىيە تەتقىقاتى جەھەتتىن نەۋائىي مىراسلىرىغا يېقىنلىشىش نەۋائىيشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسلىق بىر مەزمۇنى بولۇشى لازىملىقى شۈبھىسىز، ئەلۋەتتە.

## 2. نەۋائىي پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ مەنبەلىرى

ئەلىشىر نەۋائىي پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ مەنبەلىرى ئۆز ئالدىغا خاس تەتقىقات خاراكتېرلىك چوڭ بىر تېما. دۇنيا قارىشىنىڭ مەنبەلىرى توغرىسىدا ئاكادېمىك ئىبراھىم مۆمىنوف، ۋاھىد زاھىدوف، مۇزەپپەر مۇھىددىن خەيرۇللايوف قاتارلىق ئالىملار ئىلمىي ماقالىلەر

يېزىشتى. شۇنى روشەنلەشتۇرۇش ھاجەتكى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات تېخى باشلانغۇچ باسقۇچتىن ئۆزاقلاشقىنى يوق.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى ئۇنىڭ لىرىكىلىرى، داستانلىرى، ئەسەرلىرىدە تۈرلۈك بەدىئىي ژانىرلار بويىچە ئىپادىلىنىپ، ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ مۇتەپەككۇرانە سۇپەتلىرى ۋە ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى ئۇ ياشىغان دەۋر تەرەققىياتى، ئۇنىڭ بىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى، ئۇنىڭ ئۆمۈر تارىخىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ئىۋۇلىيۇتسىيىلىك ھالەتلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىغا تەسىر قىلغان مەنبەلەر كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، ھەم يىراق تارىخي، ھەم بىۋاسىتە ئەينى زامان مەنبەلىرى بولۇپ، خۇددى نەۋائىي «مۇنشائات» ناملىق خەت ـ چەكلەردىن تۈزۈلگەن ئەسىرىدە تىلغا ئالغاندەك تاكى ئارستوتېلدىن فارابىغىچە ۋە فارابىدىن ئەينى زامان ئىدېئولوگىيە نامايەندىلىرىگىچە كەڭ بولغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭغا بىۋاسىتە كۈچلۈك تەسىر قىلغان ئىدىيە مەنبەنى ئۈچ ئاساسلىق تەرەپتىن ئىزاھلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ، ئوتتۇرا

ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پانتېيستلىرى ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ۋە باشقىلارنىڭ مەۋجۇدىيەت، ئىنسانىيەت، ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت توغرىسىدىكى راتسىئونالىزم ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرىدىن ئىبارەت. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئىسلامىيەت شەرقىدە، خەلىپە ھارون رەشىد ۋە خەلىپە مەمۇن زامانىسىدا روياپقا چىققان شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام شەرقىدىكى ئىلغار مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبلەرنىڭ قەلبىنى يورۇتقان ئاجايىپ قۇدرەتلىك پىكىر مەنبەسى بولغان ئىدى. بۇ پىكىر مەنبەسى نەۋائىيدىن ئىلگىرىكى ۋە نەۋائىي زامانىدىكى كلاسسىك مۇئەللىپلەرنىڭ قەلەم يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەن.

ئىككىنچى، يۇقىرىقى مەنبەنى جۇلالاندۇرغان ھالدا، جاھان سەنئەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان سەنئەت ئەزىمەتلىرىدىن ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋى، جالالىدىن رۇمى، شەيخ سەئىدى، خوجا ھاپىز شىرازى، ئابدۇراخمان جامىنىڭ، جۈملىدىن تۈركىي شېئىرىيەت ماھىرلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (گەرچە نەۋائىي بۇ ھەقتە تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ)، ئەھمەد يۈكنەكى، لۇتپى، سەككاكى، ئاتايى، ئەھمەد خوجابېك، سۇلتان مالىك قەشقەرى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ گۇمانىستىك، راتسىئونالىزملىق پىكىرلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەلىشىر

نەۋائىينىڭ «خەمسە» تۈركۈمىگە كىرگەن داستانلىرى، قەھرىمانلىرى ۋە ئىدىيىلىرى «شاھنامە»، «خەمسە نىزامى»، «خەمسە خىسراۋ دېھلىۋى»، «گۈلىستان»، «بوستان»، «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلتۇز) قاتارلىق كلاسسىك داستانلار ئىلھامىدا مەيدانغا كەلدى. نەۋائىي ئىنسانىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە بەختىيار ھايات تەلپۈنۈشلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ غايىۋى ئۈمىدى توغرىسىدا ئۆز پېشۋالىرىدىن كۆپرەك، يۈكسەك ۋە يالقۇنلۇق ئوبراز ۋە مىسرالارنى ياراتتى. ئۇنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى تۈيغۇلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىگە ئۇنىڭ پېشۋالىرى يېتەرلىك ئۇلگىلەر كۆرسىتىپ ئۇلگۈرگەنىدى.

ئۈچىنچى، يەنىلا يۇقىرىقى پېشۋالار ئىچىدىكى شەيخ سەئىدى، ھاپىز شىرازى، سەدىدىن مۇھەممەت قەشقەرى، ئابدۇراخمان جامىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان ئەدەبىيات شەكلىدىكى سوپىزىم ئىدىيىلىرىدىن ئىبارەت بولدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ياشىغان زامان ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى غەززالى قاتارلىقلارنىڭ كۈچەپ ئۈرۈنۈشى بىلەن ھەر خىل ئاتالمىش تەلىماتلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، پەلسەپە دىنىنىڭ دېدىكىگە ئايلانغان دەۋر ئىدى. مەشھۇر ئىشان خوجا ئەھرارنىڭ قولى ھەممە يەرگە سوزۇلغان، ھەتتا ئەبۇ سەئىد ئۇنى كۆرگەندە دەرھال ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولغانىدى.

ئەلىشىر نەۋائىيغا ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا

www.uyghurkitap.com

روھانىيەتچىل سوپىزم شائىرى «ئىلاھىنامە»، «ئەسرارنامە»، «بۇلبۇلنامە»، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «مەنتىقۇتتەير» (قۇش نۇتقى) قاتارلىق مىستىك تەركىدۇنياچىلىق تەرغىباتىدىكى ئەسەرلەر مۇئەللىپى پەرىدىدىن ئەتتار (؟ - 1220) نىڭ «مەنتىقۇتتەير» ناملىق ئەسىرى سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەندى. ئەلىشىر نەۋائىي بىر مەزگىل كىشىلەردىن چەتنەپ، ئاتا - ئانىسىنى ئەنسىرىتىپ قويغان. ئەلىشىر نەۋائىي كېيىنچە باشقا ئىجابىي ۋاستىلەر تۈپەيلى بۇ سەلبىي تەسىردىن يىراقلاشقان بولسىمۇ، ئۆسمۈرلۈك چېغىدىكى مۇشۇ تەسىر تۈپەيلىدىن، گەرچە مەزمۇنى جەھەتتىن زور پەرقلەنسىمۇ، 58 يېشىدا «لىسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئابدۇراخمان جامىنىڭ غايەت زور مەنىۋى - بەدىئىي تەسىرى ئىچىدە جامىنىڭ نەقشىۋەندىچىلىك سوپىزمى كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن. مەلۇمكى، ئابدۇراخمان جامى بۇخارالىق خوجا باھاۋىدىن نەقشىۋەندە① (1314 – 1388) تەرىقىتىنىڭ ئەينى زاماندىكى مەشھۇر مۇرىتى ۋە خەلىپىسى سەئدىدىن مۇھەممەت قەشقەرىنىڭ مۇخلىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋە ئۇ 1456 - يىل 13 - مايدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەشھەتتىكى قەبرىسى يېنىدا ياشىغاندى. ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ئەھمەد

① ئەسلىي ئىسمى: مۇھەممەد ئىبن مۇھەممەد فەزل بۇخارى.

يەسسەۋى ۋە پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ تەركىدۇنياچىلىق ئۇمىدسىزلىكىنى تەرغىب قىلغۇچى روھانىيەتچىل تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىن پەرقلىق ھالدا باھاۋىدىن نەقشىۋەندىچە سوپىزم تۇسىنى ئالغان، روھانىيەتچىل پانتېئىزم تەبىئەتنى ئىلاھىيەتكە بېقىندۇرۇپ ئىزاھلاش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، بۇ ھال نەۋائىينىڭ باھاۋىدىن نەقشىۋەندىنى پىر تۇتۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان كلاسسىك سەنئەت ئۇستازى، ئاجايىپ تالانت ۋە مىسلىسىز سەمەرە ئىگىسى ئەلىشىر نەۋائىيغا پەلسەپە جەھەتتىن يېقىنلىشىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئىدىيە مەنبەلىرىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىنى ماركسىزم ئاساسىدا تەھلىل قىلماي مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## 3. نەۋائىينىڭ تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت قاراشلىرى

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە پەلسەپە، ئىنسان، ئەقىل، بىلىم، ئىرادە ئەركىنلىكى، ئەخلاق، دۆلەت، خەلقلەر دوستلۇقى، گۈزەللىك، تەلىم قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ توختالدى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىدا، بولۇپمۇ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي ئىدىيە تېمىسىدا يېزىلغان «ھەيراتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»،

www.uyghurkitap.com

«لىسسا نۇتتەير»، «فۇسۇلى ئەربە»، «تارىخى ئەنبىيا ۋە هۆكۇما» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى.

نەۋائىي ئالدى بىلەن ئالەم ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، تەڭرى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئەسلى زاتى - سوبىستانسىيىسىدىن ئىبارەت. نەۋائىي ئەسلىدە ئالەمدە بىرلا تەڭرى مەۋجۇت ئىدى. كېيىنچە ئۇ ئۆز مۇمكىنلىكلىرى ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلىپ، كائىناتنى، هاياتلىقلارنى ۋە ئىنسانىيەتنى ياراتتى دەپ قارايدۇ. ئۇ «فانى» تەخەللۇسىدا يازغان غەزىلىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئەز ۋۇجۇد ئەر سەرى ئان نىبسىت شۇ ئۇررا، چى ۋۇجۇد،
سەد هەزار ئەر بۇۋەد ئەئداد چى مۇمكىن بى يەك.»
(رەقەم يۈزمىڭ بولسىمۇ بىرسىز مۇمكىن بولمىغاي،
بىر ۋۇجۇدنىڭ تەسىرىسىز هېچ نىمە مەۋجۇت ئەمەس.)

نەۋائىي بۇ خىل قارىشىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، نەۋائىي ئەسەرلىرى بۇ خىل دۇنيا قاراشىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىدىغان ئىلاھىيەتچىل ئەدەبىياتتىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. نەۋائىي «رۇهۇل قۇددۇس» ناملىق 132 بېيىتتىن تەشكىل تاپقان پارسچە قەسىدىسىدە يەككە - يېگانە تەڭرى («تەۋهىد بارى تەئالا») توغرىسىدا توختىلىپ: ئىنسان جىسمىنى توپىدىن ساز ئەتتىڭ،

ئۇنىڭ جىسمىنى ئاسمان گۇمبىزىدىنمۇ يۇقىرىغا كۆتۈردۈق، ئۇنىڭ جىسمىغا رەھمەت يامغۇرى ياغدۇرۇپ، تەبىئىتىنى مۇلايىم قىلدۇق، يەنە ئۇنىڭغا تۆت زىددىيەتلىك تۇپراق، ئوت، سۇ، ھاۋادىن تەركىب قوشتۇق،[1] ۋۇجۇدىنى گۈزەل قىلىپ، جان بېغىشلىدۇق، ھەۋەسلىرىنى راست ئەيلەپ، مېڭە قەسرىسىگە ئەقىل نۇرى بەردۇق، بەدەننى ئاجايىپ مەملىكەت قىلىپ، بىرىنچى تەلىمدە ئۆزۈڭنى تونۇتتۇق، ئۇ ئىلىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مالائىكىلەر قۇل سۈپىتىدە ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. بارلىق مەۋجۇدات ئىچىدە ئىنساننى ئەڭ ئۇلۇغ قىلىپ ياراتتىڭ.

روشەنكى، ئەلىشىر نەۋائىي تەڭرىنىڭ ئالەم ياراتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان شەرت ئاستىدا، تۆت زات ۋە ئۇنىڭ زىددىيەتلىك خاراكتېرى، ئىنساندا بىرلەمچى نەرسە تەن، ئىككىنچى نەرسە جان (روھ) ئىنساننىڭ ئەقىل نۇرى بىلەن دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكى ۋە ئىلىم ئىگىلىگەن، ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ گۈزىلى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئىنسانىيەتكە بارلىق ئىلاھىي سىرلار، پەرىشتە ـ مالائىكىلەرنىڭ بېقىندىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ «لىسسانۇتتەير» داستانىدا تۆت زاتنى كائىناتنىڭ ئالىي ئاساسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ مۇنداق يازغان.

---

[1] ئەسلى پارسچىسى مۇنداق:

«چەھار زىدرا كەردى بايەك دىگەر تەركىپ،
كى خاكۇ ئاتەش ئاب بۇدۇ، ھاۋا»

ئەلىشىر نەۋائىي ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن تەڭرىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويمايدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا تەڭرىنىڭ «ئۆز ـ ئۆزىدە» تۇرغان ھالەتتىن، ھەرخىل شەكىلدە نامايان بولغان ھالىتىدىن ئىبارەت، شۇنداق قىلىپ تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس؛ بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ ھەر بىر زەررىسىدە، دەپمۇ چۈشەندۈردۇ. نەۋائىيچە، دۇنيا — ئەينەكتىن ئىبارەت، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن نەرسە — تەڭرىدىن ئىبارەت. ئۇ «ھەيرەتۇلئەبرار» داستانىدا بۇ ئەينەك (ئەين) ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ.

«نە بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايەت[1] ساڭا،
نەكىلىپ ئاخىرىدا نىھايەت[2] ساڭا.
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ، ئاخىرۇ مابەينى ئۆزۈڭ،
بارچىغا خالىق، بارچىغا ئەين ئۆزۈڭ»

شۇنداق قىلىپ، نەۋائىي ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئىزاھلىدى، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ قاراشلىرى پلاتون ۋە يېڭى پلاتونىزمچىلارنىڭ دۇنيا تەڭرىدىن ئىمموناتسىيە قىلىنىپ — جۇش ئۇرۇپ چىقىپ شەكىللەنگەن دېگەن قارىشىغا يېقىنلاشتى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۇلۇغۋار گومانىست سۈپىتىدە ئىنسانىيەت بىلەن تەڭرىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى

① بىدايەت — باشلىنىش.
② نىھايەت — ئاخىرلىشىش.

ئۇستىدە يازغان ئايرىم شېئىرلىرىدا تەڭرىنىڭ ئىنسان تەقدىرىگە بىپەرۋا قارايدىغانلىقى، ئۇنىڭ بايلارنىڭ تېخىمۇ بېيىشى، گادايلىششىغا يول قويىدىغانلىقىغا ئەجەبلەنگەن.[1] ئۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار»دا مۇنداق يازىدۇ.

«ياغار ئۇڭا سۇپرەكى، ئول ئاچ ئەمەس،
بېرۇر ئۇڭا تونكى، يالىڭاچ ئەمەس.
ئات ئۇنى تارتاكى يۈز يىلقىسى بار،
سىم ئاڭا بېرۇركى، يۈز ئىلغىسى بار»[2]
«تەڭرى بۇ دەردىڭگە دەۋا ئەيلەمەس،
ئۇشبۇ جەھەتتىنكى ھەقۇللا ئەمەس.
گەرچە سىنىق ئىڭنە ھەققۇنناسىدۇر،
باغرىڭ ئارا خەنجەرى ئالماسىدۇر.»

نەۋائىي ئالەم بۇلارغا بىپەرۋا، ئۇ ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خۇرسەند، ھەممىنى ئويۇنچۇق سانايدۇ، دەيدۇ.

«دەھرىدە ھەر نەقش سەۋا بۇ قۇسۇر،
بارچەسى بۇ نەردىدىن ئەيلەپ زۇھۇر»
«كىمگە ۋەفادىن بېرىبان چاشنى،
بىر نەپەس ئالماي كۆزىدەن ياشنى»

---

[1] «ئەلىشىر نەۋائىي — تولۇق ئەسەرلىرى»، تاشكەنت، 1965 ـ يىل نەشرى، 6 ـ توم، 69 — 70 ـ بەت (ھەيراتۇل ئەبرار» نىڭ 5 ـ ماقالاتى 37 ـ، 38 ـ بېيىتلار).
[2] ھەيراتۇل ئەبرار» نىڭ 35 ـ ماقالاتى 46 ـ، 47 ـ بېيىتلار.

نەۋائىي ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئىسيانكار ئۇچقۇنلىرىدىن ئەندىكىپ، بۇ خىل ئىبارىلىرىنى قەلەمنىڭ سادىر قىلغان گۇناھى سۈپىتىدە پارسچە غەزىلىدە مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

«چۇن قەلەم سەربەر خەتەت نەنئىهاد، ئەز ئان مەنى بۇۋەد،
تا قىيامەت سەر نىگۇ نۇرۇسىيا خۇسىنا چاك.»

تەرجىمىسى:

پەرمانلىرىڭغا قەلەم بويسۇنمايدۇ، شۇڭلاشقا تاكى قىيامەتكىچە،
ئۇنىڭ بېشى تۈۋەن، يۈزى قارا، سىنەسى يېرىق ـ چاك.

ئەلىشىر نەۋائىي ئالەم، يۇلتۇز ۋە سەييارىلار، تۆت پەسىل، ماددىي دۇنيانىڭ زىددىيەتچان ھەرىكىتى توغرىسىدىمۇ توختالغان. نەۋائىي «فوسۇلى ئەرجە» (تۆت پەسىل) ۋە «ھىلالىيە قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىي ئەسەرلەردە «گۈزەل گۈلشەن» بولغان ئالەمنىڭ زىددىيەتچان ھەرىكىتى، «سەرەتان» (ياز)، «خازان»(كۈز)، «دەي»(كۈز) «باھار» پەسىللىرى، تەبىئەتنى ئىنسانلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ بايان قىلىنغان. ئۇ:

«دەھر گۈلشەننىڭ ئىشى ئىككى رەڭلىكتۇر،
گاھى باھار، گاھى كۈز، گاھى سەھەر، گاھى كەچ.»

دەپ يازىدۇ.
ئەلىشىر نەۋائىي«سەبئەئى سەييار»(يەتتە سەييارە) داستانىدا، ئەنئەنىۋى «يەتتىلىك تەلىمات»تەسىرىدە، يەرنى دەۋر قىلىدىغان يەتتە يۇلتۇزنى بەھرام گورنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان يەتتە گۈلشىنىنىڭ نامى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ ھەر بىر سەييارە نامىدىكى باغدا بەھرەم بىر كۈن بىر سەييارىنىڭ نامى بولۇپ بىكىتىلگەن. ئۇ مۇنداق بولغان:

يەكشەنبە ـ قۇياش كۈنى
دۈشەنبە ـ ئاي كۈنى
سەيشەنبە ـ مارس(مىررىخ) ـ ئوت يۇلتۇزى كۈنى
چارشەنبە ـ مىركۇريي (ئوتارىد) ـ سۇ يۇلتۇزى كۈنى
پەيشەنبە ـ يۇپىتېر (مۇشتەرى) ـ ياغاچ يۇلتۇز كۈنى
جۈمە ـ ۋېنىرا(زۆھرە) ـ ئالتۇن يۇلتۇزى كۈنى
شەنبە ـ ساتۇرن ـ تۇپراق يۇلتۇزى كۈنى

قىزىقى شۇكى، بۇ خىل چېسلا ئەنئەنىسى مۇشۇ كۈندە ياپونىيىدە ئەينەن قوللىنىلغان بولۇپ، بابىلۇن ۋە جۇڭگو ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىنسانىيەتنى ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ كۆركى، شۆھرىتى، ئەڭ ئالىي مەۋجۇدات دەپ ھېسابلىدى. ئۇ «ئىنسان مەركەز» نەزەرىيىسى (ئانتروپوسېنتىزم) قاراشلىرىنى «تەگرى ياراتقان

مەۋجۇدات» قانىتى ئاستىدا گەۋدىلەندۈردى. ئۇ «مەقسەت نەزەرىيىسى» (تېلېئولوگىيە) قاراشلىرى بويىچە ئىنساننى تەڭرىنىڭ پۈتۈن مەۋجۇداتنى يارىتىشتىكى ئەڭ ئالىي مەقسىتىدىن ئىبارەت. ئىنسان يارىتىلغاندا ئۇنىڭغا مالائىكىلەرمۇ سەجدە قىلغان دەپ، ئىنساننى مۇقەددەس زاھىرى شەيئى سۈپىتىدە ئۇلۇغلىدى. نەۋائىي «ھەيراتۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق يازىدۇ:

«مۇنچە غارايىپكى مىسال ئەيلەدىڭ،
بارچەنى مىرادى جامال ئەيلەدىڭ.

گەنجىڭ[1] ئارا نەقدى[2] فەرۋان[3] ئىدى.
لىك، بارىدىن غەرەز[4] ئىنسان ئىدى.»
«قانىيۇ ھەيۋانى ئەگەرخۇد ئەبات[5]،
ھەربىرى بىر گەۋھەرى ئالىي سۈفەت.
بارچەسىنى گەرچە لەتىف ئەيلەدىڭ،
بارچەدىن ئىنساننى شەرەف ئەيلەدىڭ».

نەۋائىي «لىسسانۇتتەيىر» نىڭ مۇقەددىمىسىدە (11 ـ توم، 7 ـ بەت ) بۇ مەقسەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ.

---

[1] گەنج ـــ خەزىنە.
[2] نەقىد ـــ تاللانغان، سەرخىل، ساپ، قىممەت باھا.
[3] فەرۋان ـــ زىننەت، بېزەك ھەشەمەتلىك.
[4] غەرەز ـــ مەقسەت.
[5] قېنى بار ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بولمىسۇن.

«ئافەرنىستىن[1] قىلىپ ئىنسان غەرەز،
ئانى ئەيلەب خەلق[2] ئىچىندە بى ئىۋەز[3].
كۆڭلىن ئانىڭ مەھرەنى[4] ئىرفان قىلىپ،
ئۇل تىلىسىم ئىچرە ئۆزىن پىنهان قىلىپ،
رازى مەخفى گەنج ئولۇپ بۇ تۇرفە[5] جىسىم.
سۇنئىدىن[6] ئۇل گەنج ھىفزىغا[7] تىلىسىم...»

نەۋائىي ئىنساننى ئالەم يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ سەرخىلى دېيىش بىلەن بىللە، ئىنساننى ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئىنساننىڭ ئەخلاق ۋە تەربىيىسىنىڭ ھەر بىر ئىنساننىڭ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ، ھەر بىر مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى، دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، بۇ«ياخشى» ياكى «يامان» لىقنى ئايرىيدىغان تۈپ مىزاندىن ئىبارەت.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، بىلىم ۋە كامالىتى ۋە بەخت ـ سائادىتى مەسىلىسىدە ئىسلام كالامىزمى تەرغىباتى بىلەن سوپىزىم تەركىدۇنياچىلىقىغا كۆرۈنەرلىك قارشى يۆنىلىش تۇتىدۇ،

---

[1] ئافەرنىس ـــ يارىتىلىش.
[2] بۇ يەردە بارچە شەيئىلەر مەنىسىدە.
[3] بى ئىۋەز ـــ تەڭداشسىز.
[4] مەھرەنى ـــ بىر نېمىنىڭ غېمىدە، بۇ يەردە بىلىمنىڭ غېمىدە مەنىسىدە.
[5] تۇرفە ـــ يېڭى، مۆجىزىلىك.
[6] سۇنئىدىن ـــ ياساش، ماھارەت.
[7] ھىفز ـــ ساقلاش.

www.uyghurkitap.com

كالام ئەقىدىلىرىگە كۆرە ئىنسان ئۆزى گۇناھلىرىنى بىلىشى ۋە دىن ـ شەرىئەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا چەكلىنىشى لازىم ئىدى. سوپىزمچىلار رېئال دۇنيادىكى ئىنسان ھاياتىنى رەت قىلىپ، تەركىدۇنياچىلىقنى، تەرىقەت يولىغا كىرىپ، ئۆلمەي تۇرۇپ، ئۆلۈكتەك ياشاپ، تەڭرى بىلەن قوشۇلۇش «ھەقىقەتى» گە ئېرىشىشى كېرەك، دېيىشەتتى. نەۋائىي بۇ مەسىلىدە يالقۇنلۇق گۇمانىزمچىل ۋە راتسىئونالىزمچىل مۇتەپەككۇرانە قاراشلىرىنى تەرغىب قىلدى. «ھەيرەتۇل ئەبرار»دا ئۇ مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

«بەس! نىدۇر ئول غەمدىن ئۇلۇپ دەرتناك[1]،
ئۆزىنى ئۆلمەكتىن بۇرۇن ئېتمەك ھالاك؟
ئۆلمەك ئۇچۇن مۇنچە نىدۇر ما تەمىڭ،
تۇتقۇسى مەتەم ساڭا ھالۇ ئەمىن[2].
بولسا غەمىڭ جانىڭغا سالما ئەلەم.
بىر غەم ئېرۇر، بەس يىمەگىل ئىككى غەم.»

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بارلىق بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى مۇشۇ خىل ئىنسانغا بولغان ئۇتتەك مۇھەببىتىنىڭ مەنتىقىي ۋە ئوبرازلىق خۇلاسىدىن باشقا

[1] دەرتناك ـــ دەردلىك.
[2] ئەمىن ـــ ئىشەنچلىك ساقلىغۇچى.

نەرسە ئەمەس!

كلاسسىك گېرمان پەيلاسوپى فېيىرباخ، ئىنساننى سۆيمىگەن پەيلاسوپ ئىلاھىيەتچىدۇر، دېگەن ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا چوڭقۇر مەنىدە مۇنداق يازىدۇ:

«ئادىمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادىمى،
ئانىڭكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.»

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە «تەڭرى - تەبىئەت - ئىنسان» مەسىلىسىگە ياندىشقان ھالدا «تەڭرى - دىنىي كەسپدارلار (مەسىلەن: سوپىلار) - ئىنسان» مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنى ئاساس ئورۇنغا قويۇپ ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلاتتى. ئەلىشىر نەۋائىي «لىسا نۇتتەير» داستانىدا مەجازى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، سىمۇۋوللۇق تەمسىللەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «سۇمۇرغ»، «ھودھود» (ھۆپۈپ) ۋە «قۇشلار»دىن ئىبارەت ئۈچ كاتېگورىيىلىك پېرسوناژنى «تەڭرى»، «سوپى» ۋە «ئىنسانىيەت» كە ۋەكىل قىلىپ، تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ئۆزى بىلەن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پىكىر - ئىختىلاپلىرىنى ئاشكارىلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەلىشىر نەۋائىي: تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇ پۈتۈن كائىناتتا مۇجەسسەملەشكەن، ھەممە نەرسىدە ئىپادىلەنگەن جەۋھەر. شۇ سەۋەبلىك سوپىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنياچىلىق ئازابىنى چېكىپ تەڭرىنى ئىزدىمەكلىك ھاجەتسىز ھەم بىمەنىلىك، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەركىدۇنياچىلىقنىڭ يەتتە باسقۇچىنى بېسىپ، تەڭرى بىلەن بىرلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان سوپىلارنى، جۇملىدىن پەرىدىدىن ئەتتارنى «ھودھود» سىيماسىدا تەنقىدلەيدۇ. «قۇشلار»نىڭ ھاياتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، «سۇمۇرغ» نى ئىزدەش يولىدا نابۇت بولۇشۇپ، ئاز قالغاندىن كېيىن، «ھودھود»غا بىلدۈرگەن نارازىلىقىنى قوللايدۇ. «قۇشلار» نىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشىگە، ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلىشىگە، ھاياتنى سۆيۈشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي بۇ مەسىلىدە «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ زاھىت ئۇدغۇرمىشنى ھاياتنى سۆيۈشكە ئۈندىگىنىدەك گۇمانىزملىق كىشىلىك قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 4. گۇمانىزملىق ـــ نەۋائىي ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆزىكى

روشەنكى، راتسىئونال - گۇمانىزم نەۋائىي ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆزىكى، نەۋائىي ئەسەرلىرى خەزىنىسىنىڭ

گۆھىرى، نەۋائىي قەلبىنىڭ ھېكمەتلىك ناۋاسى ئىدى.

نەۋائىي ئەقىل ـ پاراسەت، تەپەككۇر ئىقتىدارى، ئىلىم ـ پەن مەسىلىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغۋار راتسىئونالىستى، مەرىپەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ«ئىنسان ئەقىل چىرىغى، پۈتۈن كائىنات كۆزىنىڭ نۇرىدۇر» دەيدۇ. ئۇ ھۆر ـ پەرىلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن ئىنساننى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يازغان:

«ئەي كۆڭۈل، ھۆرۇ پەرى ۋەسپىنى[①] ئىشىتىدىم گويا،
ھېچ قايسى ئادەملىغىدا ئەمەس ئىرۇر ئىنسانچە خوپ.»

نەۋائىيچە، ئىنساننى ئەقىل قۇدرەتلىك قىلغان. شۇڭا بارلىق ئەۋزەللىكلەرنى بېغىشلىغان، ئۇ «نەزمۇل جەۋھەر» دە مۇنداق يازغان:

«ھەر كىمەكى ئەقىل كۆڭلىدىن زايىلدۇر،[②]
قارۇن[③] ئېسە ئەقىل قاشىدە ساھىلدۇر.[④]
يۈز گەنج كىشىگە ئەقىلدىن ھاسىلدۇر،
يوقتۇر ئاڭا فەقرۇ[⑤] فاتە[⑥] كىم ئاقىلدۇر.»

---

① ۋەسپى ـــ تەرىپى.
② زايىل ـــ يوقالغۇچى.
③ قارۇن ـــچەكسىز بايلىققا ئىگە كىشى.
④ ساھىل ـــ چېكى بار، چەكلىك.
⑤ فەقر ـــ كەمبەغەل.
⑥ فاتە ـــ موھتاج.

نەۋائىي، ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ، ئۇ «نەزمۇل جەۋھەر» دە بۇ ھەقتە مۇنداق تەرىپلىگەن.

«كىم ئالىم ئىسە نۇقتەدە بەرھەقدە، ئۇنى،
گەر بەزىم تۈزەر بىھىشتە مۇتلەق دە، ئۇنى
ھەر كىم سەكى يوق ئىلىم ئاڭا ئاخماق دە، ئۇنى،
مەجلىسدەكى ئىلىم بولسا ئۇجماق دە،[1] ئۇنى.»

ئەلىشىر نەۋائىي ئەقىل توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئۇنى تىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇ ئەقىل بىلەن نۇتۇق ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

«دە مىڭدەن يىراق تۇتماغىل ھۇشنى،
كى يۇزلەنمەگەي ھەردەم ئاپەت ساڭا»
«ئىرۈرسەن شاھ ـ ئاگاھسەنسەن،
ئەگەر ئاگاھسەن ـ شاھسەنسەن»
«دىدى ھەر ئىشنى قىلمىش ئادىمزاد،
تەپەككۇر بىرلە بىلمىش ئادىمزاد.»
«جىسىم بوستانىغا شەجەر سۆزدۇر،
روھ ئەشجارىغا[2] سەمەر[3] سۆزدۇر.

[1] ئۇجماق ــــ جەننەت.
[2] ئەشجار ــــ دەرەخ.
[3] سەمەر ــــ مېۋە.

گۈلشەنى كېلدى جىسمى ئىنسانى،
نۈتۈق ئانىڭ بۈلبۈلى خۇش ئەلھانى[1].
بولمىسا سۆز ئەجەپ بالا بولغاي،
بۈلبۈلى نۈتۈق بىناۋا بولغاي.»

ئەلىشىر نەۋائىي مۇتەپەككۇرانە قەلەم بىلەن «ئادەم تىل ئارقىلىق ھايۋاندىن ئىمتىيازلىق ۋە ئەۋزەل»، «بەخت كەلتۈرگۈچى مۇسەخخا روھىنىڭ مەنبەسى ھەم تىل»، «يامانلىق نەھىس[2] يۇلتۇزىنىڭ چىقار ئورنى ھەم تىل»، «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىل ۋە ئول خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى سۆز بىل»، «تىلغە كۈچى يەتكەن ئەقىللىق دانىشمەن، سۆزىگە ئەرك بەرگەن پەسكەش ئەخمەق» دەپ يازدى. نەۋائىي تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، تىلنى تەپەككۇرنىڭ، نۈتۈقنى كۆڭۈلنىڭ ئاساسى دەپ مۇنداق يازدى:

«بارچە كۆڭۈل دۇرجى[3] ئارا جەۋھەر ئول،
بارچە ئاغىز ھۇققەسىدە[4] گەۋھەر ئول.

---

[1] ئەلھان ــــ سايراش.
[2] نەھىس ــــ مىرىخ (مارس).
[3] دۇرج ــــ قۇتا.
[4] ھۇققە ــــ لەپ.

سۆزدىن ئۆلۈكنىڭ تەنىدە روھى پاك،
روھداخى تەن ئارا سۆزدىن ھەلاك.»

نەۋائىي كىشىلەرنى تەربىيىلەش، ئىلىم - پەن ئۆگىتىشنى، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ساۋاتلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

«ھەر كىشى كىم خەتتى ئارا چەكسە قول،
بولسۇن ئاڭا مەنزىلى مەقسەدكە يول.
گەر بۇ ساۋاد بولمىسا نېتكەي كىشى،
نەزمىن ئالىپ قاي سارى كەتكەي كىشى.»

نەۋائىي ھەر قايسى بىلىملەردىن، پەلسەپە، تېبابەتچىلىك، تارىخ ۋە ھۈنەر - سەنئەت بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ، ئىلىمنى«ئىككى جاھان» پادىشاھلىقىدىن ئۈستۈن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ پەلسەپە(ھېكمەت) ئىلمىنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق يازدى:

«ئەگەر ھېكمەتكە بولسا ئىلتىپاتىڭ،
كى بولسۇن نوھ ئۆمرىچە ھاياتىڭ.»



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ تىبابەتچىلىك ھەققىدە بۇنداق دەيدۇ:

«ۋە لېكىن تىبۇ ھېكمەت ھەم ئېرۇر خوب،
كى سېھھەتتۇر[1] كىشى جىسمىدە مەتلۇب[2].»

ئۇ تارىخ ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«نى ئىشتىن مەملىكەت ئاباد بولدى،
قايۇ ئىشتىن ئولۇس بەرباد بولدى.
نىدىن تاپتى مەمالىك[3] ئىستىقامەت،
نى ئىشتىن ئەلگە يۈزلەندى سالامەت.»

ئۇ ھۈنەر ـ سەنئەت، تېخنىكا ئۆگىنىشنىمۇ تەكىتلەيدۇ.

«قۇياشلىق ئىستەسەڭ كەسپى كامال ئەت،
كامال مەر كەسىپ ئېتەرسەن بىمالال ئەت.»

نەۋائىي ئىلىمنى ئەلگەن بەھرىمەن قىلىش،

---

① سېھھەت ـــ ساغلاملىق.
② مەتلۇب ـــ تەلەپ قىلىنغان، ئارزۇ قىلىنغان نەرسە.
③ مەمالىك ـــ مەملىكەتلەر.

ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش توغرىسىدا توختىلىپ، ئىشلىتىلمىگەن بىلىم دان تېرىپ هوسۇل ئالمىغانلىققا ئوخشايدۇ، دەيدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

«ئىلىم ئوقۇپ قىلماغان ئەمەل مەقبۇل،[1]
دان ساچىپ كۆتەرمىدى مەھسۇل.»

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز داستانلىرىنىڭ بارلىق ئىجابىي قەھرىمانلىرىنى ئەقىل ـ پاراسەت، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلىرى سۈپىتىدە، گۈللەنگەن ئەللەر ۋە خەلقلەرنى ئىلىمدىن بەھرىمەن بولغان ئەللەر ۋە خەلق سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئۇ خاقانى چىن ۋە يۇنانىستاننى شەرق بىلەن غەربتىكى ئىككى ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئوچىقى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. ئۇ گرېك مۇتەپەككۇرلىرىدىن فىساغورس (پىفاگور)، بۇقرات (ھىپپوكرات)، سوقرات، ئەپلاتون، ئارىستوتالىس، بالىنوس، جۇلىنوس، بەتلىموس قاتارلىقلارنى پەيغەمبەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تىلغا ئالغان.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ يالقۇنلۇق گۇمانىزملىق ئىدىيىسى ئۇنىڭ داستانلىرى ۋە ئىنسان تېمىسىغا بېغىشلانغان لىرىكىلىرىدا يارقىن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ

[1] مەقبۇل ـــ ئىشقا ئاشۇرمىغان.



www.uyghurkitap.com

لىرىك قەھرىمان ۋە ئېپىك قەھرىمانلىرى مىللەت، رايون، دىن ۋە جىنسىي پەرقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، گۇمانىستىك پىكرىنىڭ بەدىئىي دوردانىلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىدىن پەرھات چىن مەملىكىتىدىن، شىرىن ئەرمىنىيەدىن، مەجنۇن بىلەن لەيلى ئەرەب، ئىسكەندەر يۇنانلىق، رۇخسانە ئوتتۇرا ئاسىيالىق، دىلئارام ئىرانلىق ئىكەنلىكى ھەممىگە روشەن.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ گۇمانىستىك ئىدىيىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تەڭرى ياراتقان، بىقارار ۋە بىۋاپا ئالەمدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنىڭ تەقدىرى، بولۇپمۇ پاجىئەلىك تەقدىردىن ئىبارەت بولدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ گۈزەللىكلىرى، ئىرادە ئىختىيارلىقى، ئەركىن مۇھەببەت ۋە ئىشقى ساداقەتنى كۈيلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئۆتكۈنچى ئالەمدە قىسقىغىنە ئۆمۈرنى مەنىسىز ئىستىقامەتكە بېرىۋەتمەي ياخشى ياشاشنى تەكىتلەيدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي شىرىن، مېھىنبانۇ، لەيلى، دىلئارام، چىن كېنىزىكى قاتارلىق كۆپلىگەن ئاياللار ئوبرازىنى ئۆز لىرىكىلىرىدا كۆپلىگەن «يار»، «جانان» تەسۋىرى بىلەن ياراتتى. نەۋائىي ئاياللار خارلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا شارائىتىدا ئۇلارنىڭ باراۋەرلىكى، سۆيگۈ ھوقۇقى ۋە ئىنسان قىممىتىنى قوغداپ مەيدانغا چىقتى، ئۇ مۇنداق

يازغان:

«ياخشى خاتىنلار سافائى زوھىددىن[1]،
ئالەم ئىچرە گەر يورۇقلۇق بولسا فاش.
يوق ئەجەپ، چۈنكى ئەرەب ئەلفازىدا،[2]
ئىستىلا[3] ئىچرە مۇئەننەستۇر[4] قۇياش.»

يەنە:

«يۈز تۇمەن ناپاك ئەردىن ياخشىراق،
پاك خاتىنلار ئاياغىنىڭ ئىزى.»

دەپ يازغان. ئۇ كۆڭۈل ۋە پىكىر مەسىلىسىدە مىللىي، ئىرقىي پەرقى يوق، ھەممىسى دوست دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«كۆڭۈلنى ئالسا، مالامەت[5] بىللە تەپاۋەت يوق،
خىتايى ئولسۇنۇ يا ئەرمەنى ۋە يا ھىندۇ.»
«ھۆسۈن چۈن جىلۋە قىلۇر، ئاقۇقارادا يوق پەرق،

---

[1] زوھىد ــــ بۇ يەردە پاكلىق نەزەردە تۇتۇلغان.
[2] ئەلفاز ــــ سۆز.
[3] ئىستىلا ــــ كېڭەيتىش، ئىگىلەش.
[4] مۇئەننەس ــــ ئايال جىنس.
[5] مالامەت بىللە تاپاۋەت ــــ ئەيىب ۋە پەرق.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىشىگە كەلسە بالا، خاھى خىتا خاھى ھەبەش.
مەن تىلەپ ھۆسۈن، ۋەلى ساھ تىلەپ ئەسلۇ نەسەب،
ماڭا لولى بىلەن ھىندۇ، ئاڭا قونغۇرات[1]، توقيات[2].»

ئەلىشىر نەۋائىي مۇھەببەت تېمىسىنى گۇمانىزملىق ئىدىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇ مۇھەببەت مەسىلىسىگە يېقىنلاشقاندا، بۇ تېمىنى ئۇلۇغ ئىجتىمائىي تېما دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي قەلىمى ئاستىدا مۇھەببەت كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق، ئىمۇلىيوتسىيىلىك جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى بىر قاتار لىرىكىلىرىدا سوپىزمنىڭ باھاۋۇدىن نەقشىۋەندى — سەدىدىن قەشقەرى — ئابدۇراخمان جامىغا ئانداشقان «ئىشقى ھەقىقى» (تەڭرىگە مۇھەببەت) ئىپادىلىرى ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئىشقى لىرىكىلىرىدا يەنىلا «مەجازى ئىشق» (ئىنسان ۋە تۇرمۇشقا مۇھەببەت) ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. بىر مۇنچە ھاللاردا نەۋائىي بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭچە ئىنسان تەڭرى مۆجىزىلىرىنىڭ كۆركى، ئىنسانغا مۇھەببەتسىز ياراتقۇچىغا

[1] قونغۇرات — قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى.
[2] توقيات — قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى.

مۇھەببەت بىمەنىلىكتىن ئىبارەت. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«گەر نەۋائىي يىغلاسا، ئىشقىڭ مەجازىدۇر دىم،
كىم نەزەر پاك ئەيلەگەچ ئەينى ھەققەتتۇر مەجاز.
مەجازدىن ماڭا مەقسۇد ئېرۇر ھەقىقىي ئىشىق،
نىدىنكى، ئەھىل ھەقىقەتكە بۇ تەرىقەت ئېرۇر،
مەجازدىن چۇ ھەقىقەتكە بۇ تەرىقەت ئېرۇر،
مەجازدىن چۇ ھەقىقەتكە بۇ تاپار ئاشىق.
قىلۇر مەجازنى نەفىي[1] ئۇلكى بىھەقىقەت ئېرۇر.»

روشەنكى، نەۋائىيچە ئىنسانغا مۇھەببەت (ئىشقى مەجاز) تەڭرىگە مۇھەببەت (ئىشقى ھەقىقى) بىر نەرسە، خەلقنى تاشلاپ، تەركىدۇنياچىلىق يولى تۇتماق ھەر ئىككى مۇھەببەت جۇملىسىدىن ياتتۇر. ئۇ تەڭرى مۇھەببىتىگە ئىنسان مۇھەببىتى بىلەن ئېرىشىش مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ مەسىلىدە زاھىت، دەرۋىشلەرنى مەسخىرە قىلغان ئىدى.

نەۋائىي ئۆز لىرىكىلىرىدا، بولۇپمۇ ئېپىك داستانلىرىدا ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت ئىۇۋلىيوتسىيىسى بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئىنساني مۇھەببەتنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى، مۇھەببەت پاجىئەلىرىنىڭ

---
[1] نەفىي ــــ رەت قىلىش، رەت قىلغان.

ئىجتىمائىي تىپىك ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئاجايىپ رەڭدار كارتىنىسىنى سىزدى، ئۇ «ئىشقسىز ئېشەك» دېگەندە ئىجتىمائىي مەنىدە «دەرىجىسىز كېسەك» دەپ تىلغا ئالدى. ئۇ بارغانسېرى مۇھەببەت تېمىسىنى ئىنسانىي - ئىجتىمائىي - رېئال نېگىز ئۈستىگە قۇرۇشقا يۈزلەندى. ئۇ «ئىشق يۇلتۇزىنىڭ يالتىرىشى، شەرىئەت (ئىنسانىيەت) نۇرى ۋە ساپاسى ئاندىندۇر» دەپ خىتاب قىلدى. ئۇ مۇنداق مىسرالارنى ياراتتى:

«قىلغاي ئىنسانىيەت، ئەركۆز مەردۇمىغا[1] ئۇنس[2]،
ئەي نەۋائىي ياخشىدۇر ئىنسانغا ئىنساندىن ئەنس[3].»
«ئەي نەۋائىي ئول پەرى ئۆلتۈرسە ھەم ئازدۇر سېنى،
كىمكى ئىنساندۇر ئانىڭ مەھبۇبى ھەم ئىنسان كېرەك.»
«دېمە بۇ ئالەمدە ئول ئاي خوپ يا جەننەتتە ھۆر،
كۆر مەمشىمەن ئانداغىن، بارى ئېرۇر مۇنداغى خوپ.»
«ھەمدەم بول ئەل ئىشقى بىرلەن ئاشنالەرگە مۇدام[4]،
ھەر كىشىكى كۆڭلىدە ئەل ئىشقى يوق، ھەمدەم دېمە.
مەست بول ئەل مۇددۇئاسى يارى بىرلە ھەر نەپەس،
ئەلدىن ئايرۇجامى تاپقاندا جامى جام دېمە.»

---

[1] مەردۇم ـــ كىشىلەر، قارچىغا.
[2] ئۇنس ـــ ئۈلپەت - ئۈلپەتلىك.
[3] ئەنس ـــ دوستلۇق.
[4] مۇدام ـــ دائىم.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نەۋائىي مۇھەببەت تېمىسىنى خەلققە، خەلق مۇھەببىتىگە يۈكسەلدۈرگەن. بۇ يۈكسەك تەپەككۇر قىممىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئەينى زامان فېئودالىزمىنىڭ ئىنسان ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە زىت جاھالەتلىك مۇھىتىغا نىسبەتەن بۇ بىۋاستە ئەمەلىي ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى ئۇنىڭ ئىنسان، ئىنسانىي تۇيغۇ، ئىنسان مۇھەببىتىنى ئەينى زامان رېئال مۇھىتىنىڭ مۇدھىشلىكىگە قارىمۇ قارشى قويغانلىقىدىن ئىبارەت. ئۇ مۇھەببەت مەسىلىدە شاھ ياكى گادايىنىڭ، ئاشىق ياكى مەشۇقنىڭ بىرىنىڭ ئىككىنچىسىگە ئىمتىيازى يوق دەپ قارىغان. ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك داستان ۋە ھېكايەتلىرى ئىنسانىيەت نامىدىن رېئال جاھالەتكە قىلىنغان شىكايەتنامە تۈسىنى ئالغان. بۇنىڭغا پەرھادنىڭ خۇسراۋغا قىلغان يالقۇنلۇق سۆزلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئەلىشىر نەۋائىي سىقىلغان ئىنسانىيەت بىلەن سىقىلىش ھېس قىلىپ ئەرك، خۇشال ۋە كەڭ - كۇشادىلىققا تەلپۈنگەن. ئۇنىڭ «مەي» تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئۇنىڭ تار رېئاللىق ئازابىدىن كەڭ رومانتىكلىق ئازادىلىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنىڭ مەجازى ۋە سىمۋوللۇق شەكلىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:



www.uyghurkitap.com

«يوق تۇرۇر دەۋران جاپاسىن قۇتۇلماق، ئەي رەپىق،
تۇتمىساڭ مەيخانەنىڭ كۇنجىنى[1] تا ئانداقكى مەن.»

## 5. نەۋائىينىڭ ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئېتىكىلىق ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرى نەۋائىي گۇمانىزمىنىڭ مۇھىم ئىپادىلىنىش شەكلى تەرىقىسىدە ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنى ۋە بەدىئىي بالاغىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ھەيرە تۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مەجالىسۇن نەفائىس» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

نەۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق» دىن ئىبارەت بىر جۈپ ئاساسىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى تۇتقا قىلىپ، جەمئىيەت، ئائىلە ۋە شەخسنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئەخلاقىي مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. مەلۇمكى، بۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت مەزمۇنىدىكى مۇھىم تېماتىكا ھېسابلىنار ئىدى. دەرۋەقە، ئەلىشىر نەۋائىيدىن ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ۋە سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنى تەلەپ قىلىپ بولمايتتى،

---

[1] كۇنجى ــــ بۇلۇڭ.

www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە.

نەۋائىي بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئەينى زامان ئىجتىمائىي تەبىقىلىرى ئۈستىدە ئەخلاقىي تەھلىل ئېلىپ بارماق بولىدۇ. ئۇ پادىشاھ ـ سۇلتانلارنى ئادىل ۋە زالىم دېگەن ئىككى تۈرگە ئاجرىتىش ئارقىلىق ئەينى زامان جاھالىتىنى پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاقىل، ئادىل، غەمخور غايىۋى پادىشاھ تەلىماتىنى تولۇقلايدۇ. نەۋائىيچە، مەنىۋى تەسىر ئارقىلىق نادان ـ جاھىل زالىم پادىشاھنى ئاقىل ـ ئادىل ـ غەمخور پادىشاھقا، پارچىلانغان مەملىكەتنى مەركەزلەشكەن مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئىدى. ئىجتىمائىي ئۈتۈپىيىگە بېرىلگەن نەۋائىي، ھەممىنى «پادىشاھ» (قەھرىمان) بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى بويىچە جەمئىيەتنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى پادىشاھنى ياخشىلاش دەپ قارايتتى. ئۇ ھەتتا «سەبئەئى سەييار» داستانىدا بىر كەمبەغەلنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ بەھرام شاھنىڭ ئەقلىگە كەلگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ، نەۋائىي مۇنداق قارىغان:

«شاھى ئىش ئادىل ئىلە بۇنياد ئېتەر[1]،
ئادىل بۇزۇق مۇلكىنى ئاباد ئېتەر.
كاپىر ئادىل ئانى ئاباد ئېتىپ،
مۆمىنى زالىم ئانى بەرباد ئېتىپ.»

---

[1] بۇنياد ئېتەر ــــ ئىشقا ئاشۇرار.

نەۋائىي جەمئىيەت ۋە مەملىكەتنىڭ ئاباد ياكى خارابلىقىنى پادىشاھنىڭ ئادىل ياكى زالىملىقىغا باغلىغان. ئۇنى مۇسۇلمان ياكى غەيرىي مۇسۇلمانلىق بىلەن ئالاقىسىز دەپ قارىغان.

ئەلىشىر نەۋائىي ساراي ئەمەلدارلىرى مەسىلىسىدە دۆلەت پادىشاھى قاراشلىرىغا ئوخشاش قاراشتا بولدى. ئۇنىڭ شەيخلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئۇنىڭغا يانداشتى. نەۋائىينىڭ سىياسىي ئەخلاقىي قاراشلىرىدا ئۇنىڭ باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قارشى خەلقپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر قاراشلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. نەۋائىي «ياخشى»، «يامان» پەزىلەت ئۆلچىمى بويىچە دېھقانلار، ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچى مۇدەررىسلەر، تېۋىپلار، كاتىپلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئۈستىدىمۇ توختالغان.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسمىدا ئائىلە، ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي ئەخلاقىي پەزىلەت ئۈستىدە كەڭ توختىلىدۇ.

نەۋائىي ئاياللار، مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە توختالغاندا ئەقىللىق، سەرەمجان، خۇشكۆڭۈل ئاياللارنى ئائىلىنىڭ گۈلى، تايانچى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ قەدىرلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ تىلى بېزەپ، ھاراقخور ئاياللارنى ئائىلىنىڭ زاۋالى دەپ كۆرسىتىدۇ. نەۋائىي ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئىنسانىي زۆرۈرىيەت، ۋاجىپ بۇرچ دەپ كۆرسىتىدۇ. نەۋائىي ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ شەرتى،

ئىنسانىيەت تاجىنى بېزەپ تۇرغان بىباھا گۆھەر دەيدۇ. نەۋائىي تولىمۇ مەيۈسلۈك بىلەن تاشقى ئالىلىمىنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تىلغا ئېلىپ:«جاھان گۈلشەنى ۋاپا گۈلىدىن زىننەتسىز»دەيدۇ.

نەۋائىي «قانائەت»تىن ئىبارەت ئىسلام شەرقىدىكى ئاساسلىق ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى روھانىيەتچىل ئىزاھلاردىن تازىلاپ، ئۇنى تەمەگەرلىك، ئاچ كۆزلۈك قاتارلىق روھىي ئازابلارغا ئېلىپ بارمايدىغان روھىي ئەركىنلىكنىڭ نېگىزى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنى «سۈيى قۇرۇماس بۇلاق»، «بايلىقى پۈتمەس خەزىنە»، «كىشىگە ئىززەت ـ ھۆرمەت مېۋىسىنى سوۋغا قىلىدىغان دەرەخ» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا قانائەتسىزلىكنىڭ مەنتىقىي بىمەنىلىكىنى ئارتۇقچە بايلىقتىن كەلگەن ئالتۇن سىرغا ۋە زەر ئۆتۈك تەسۋىرىدە مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

«ئالتۇن سىرغا قۇلاقنى ئاغرىتۇر،
زەرھەل ئۆتۈكتۇركى ئاياغنى ئاغرىتۇر.»

نەۋائىي «سەۋر»دىن ئىبارەت ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى «ئۆزى ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق» ئەخلاق دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

نەۋائىي«كەمتەرلىك» (تەۋەززۇ) نى تەكەببۇرلۇققا

قارشى قويىدۇ. تەكەببۇرلۇقنى ھەم ئومۇمىي ئەخلاق، ھەم ئەمەل تۇتقانلار ئۇچۇن كەسپىي ئەخلاق سۈپىتىدە ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ تەكەببۇرلۇقنى مۇنداق مەسخىرە قىلىدۇ:

«ئادەم ئولغان زىبى[1] زاھىردىن دېمەس،
كىمكى ئاندىن فەخر ئېتەر ئادەم ئەمەس»

نەۋائىي «ھەيراتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسەرلىرىدە سېخىيلىق، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، ساداقەتلىك، راستچىللىق، ئىلىمپەرۋەرلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك، ساخاۋەتلىك قاتارلىق ئىجابىي پەزىلەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارنى مەدھىيىلەيدۇ. بېخىللىق، قاتتىق قوللۇق، بىۋاپالىق، تەكەببۇرلۇق، قۇۋلۇق، يالغانچىلىق، ھۇرۇنلۇق، پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، جاھىللىق، ئاچ كۆزلۈك، ھاراقكەشلىك قاتارلىق سەلبىي ئىللەتلەرنى قارىلايدۇ. ئۇ مەردلىكنى:

«مەرد كىشىدۇر خىزمىتىدىن قايتامىغان باش،
ئەگەر ئاسماندىن باشىگە ياغسا ھەم تاشنى.
ئەگەر ئۇل تاشلار بىلەن باشىڭ يارىلغاي،
سائادەت بەلگىسى ئول يارا ئورنى قالغاي.»

---

[1] زىب ــــ زىننەت، پەرداز، تاشقى كۆرۈنۈش.

دەپ يازسا، توغرىلىق ـ سەمىمىيلىك ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق ئادەم پەلەك مەككارلىق قىلىشىمۇ ئەندىشە قىلمايدۇ دەپ مۇنداق يازىدۇ:

«ھەر كىشىكىم تۈزلۈك ئېرۇر شىۋىسى،
كەجرەۋ① ئېسە پەرخ، ئۇرنى ئەندىشەسى.»

ئەلىشىر نەۋائىي «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇلئەۋزەن» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ سەنئەت ئېستېتىكىسى قاراشلىرىنى تىلغا ئالىدۇ.

نەۋائىي ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئېستېتىك مەسىلە مەنە(مەزمۇن) ۋە شەكىل بىرلىكىدىن ئىبارەت بولغان. نەۋائىي مەنىسىز، غايىسىز، مەنتىقىسىز شېئىرىيەتنى قاتتىق سۆكۈش بىلەن بىللە شەكىل مۇكەممەللىكىنى سەنئەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم شەرتى دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ پىكرىنى «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«نە زېمىندە ھەم ئەسىل ئاڭا مەنە تۇرۇر،
بولسۇن ئانىڭ سۇرەتى②ھەرنە تۇرۇر»

① كەجرەۋ ـــ مەككار، ئەگرى ماڭىدىغان.
② سۇرەت ـــ شەكىل.

ئەلىشىر نەۋائىي ئەدىب خاراكتېرىدىكى ياخشى پەزىلەت پاكى يامان ئىللەتلەرنىڭ ئەسەر مەزمۇنىغا بولىدىغان تەسىرىنى دىققەتتىن چەتتە قالدۇرمىغان. نەۋائىي ئەسەردە ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغاندىمۇ دەۋر تەلپى ۋە دەۋر سەۋىيىسى بولۇشى لازىملىقىنى، يېڭىلىق يارىتىش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ «خەمسە» داستانلىرى نىزامى ۋە خىسراۋ دېھلىۋىگە نىسبەتەن بۇ جەھەتتىكى ئۈلگە ئىدى. ئۇ مەۋلانى نەركىس، ئەنىسى، خوجا مۇسا قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇغرىلىقلىرىنى شەپقەتسىز تەنقىدلەپ ئۈلگە تىكلىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي بەدىئىي ئىجادىيەت سۈپەتلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ھالقىسى سەنئەتچىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن تەربىيىلىنىشى ۋە شۇغۇللىنىشىنى، نۇقۇل شائىرلىقتىن مۇنەۋۋەر شائىر چىقمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

نەۋائىي مۇزىكا سەنئىتى، سازەندە ۋە ناخشىچىلارغا يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن قارىدى. ئۇنىڭچە، مۇزىكا خۇش ناۋاسىدىن كۆڭۈل قۇۋۋەت تاپىدۇ، ناخشىنىڭ خۇش ئاۋازىدىن روھ بەختكە ئېرىشىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

«ئەي نەۋائىي، تاپتى مۇترەپ[1] سازدىن كۆڭلۈم ناۋا،
گويا جان رىشتەسىگە تەگدى مىزرابى[2] ئانىڭ»

---

[1] مۇترەپ ـــ سازەندە.
[2] مىزراب ـــ ناخۇن.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىدا ئۇنىڭ تراگېدىيە ۋە ساتىرىك قاراشلىرى كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان. ئۇنىڭ«خەمسە» داستانى ۋە ھەجۋىي شېئىر- ئىبارىلىرى مەخسۇس تەتقىقات تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم مەنبەدىن ئىبارەت.

ئەلىشىر نەۋائىي «مىزانۇل ئەۋزان»، «مۇخەرەدات» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە شېئىرىيەت ئېستېتىكىسىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن خەلىل ئىبن ئەھمەد، شەمس قەيس، خوجا نەسىر تۇسى، ئاتاۋۇللا ھۈسەينى ۋە ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئارۇز - قاراشلىرىنى مۇھاكىمە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك »دەۋرىدىن بېرىقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلاپ، «تۈركىي ئارۇز» سەمەرلىرى بىلەن ئومۇمىي «ئارۇز» سىستېمىسىنى بېيىتتى. نەۋائىيدىن كېيىن «تۈركىي ئارۇز» مەسىلىسىدە زوھىرىدىن مۇھەممەد بابىر «ئارۇز رىسالە» يازدى.

## 6. نەۋائىي مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى

جاھان شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر - تۈركىي بەدىئىي نۇتۇقىنىڭ مىسلىسىز ماھىر ئۇستىسى ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپات بولغاندا، سۇلتان ھۈسەين بايقارا ئۆزىنىڭ ئەسلەش ۋە

www.uyghurkitap.com

مەرسىيە ئىپادىلەش يۇرسىدىن يازغان «رىسالە»سىدە، ئەلىشىر نەۋائىي «نەزم دۇنياسىنىڭ تۆتتىن بىرىدىكى قەھرىمان ئىدى. ئۇنى مۇشۇ (شېئىرىيەت) مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىبقىران دېيىش مۇمكىن» دەپ يازغانىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن كېيىن شېئىرىيىتىمىز ۋە پۈتكۈل تەپەككۇر ئەدەبىياتىمىزدا يەنە بىر يۈكسەك پەللە تىكلىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا شائىرلىرىدىن (ھەتتا شەرق شېئىرىيىتى بويىچە ھەم) مىقدار جەھەتتە كۆپ، تېما جەھەتتە رەڭگارەڭ، بەدىئىي نەپىسلىك ۋە جەزبىي ئىنقىتىدارى جەھەتتە ئۈستۈنلۈكى بىلەن «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىبقىران» بولۇپلا قالماستىن، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەنە ـ پىكىرنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ۋە پەلسەپىۋى ھېكمەت قىممىتى جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى جەھەتتىنمۇ «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى كىرگۈزگەن» پەيلاسوپ«ساھىبقىران» بولدى.

ئەلىشىر نەۋائىي گەرچە تارىخىي نادانلىق ۋە نادانلىق تارىخىنىڭ كۆڭۈلسىزلىك يالدامىسى بىلەن خۇددى ئىبىن سىناغا تاجىلمۇلۇك ئەبۇ نەسىر ئىبىن بەھرام، ئۇلۇغ بېككە خوجا ئەھرار كۇشەندە بولغىنىدەك،

مەجىددىن قاتارلىقلارنىڭ ھەسەتخورلۇق پىتنىلىرىدىن خالىي بولمىسىمۇ، ئىلىم دۈشمەنلىرىنى مەڭگۈلەنەت تاختىسىغا مىخلايدىغان ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن مەدەنىيەت ئاسمىنىدا پارلاپ، ئۆز زامانىسىدىلا جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمەت ـ ئىھتىرامىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ شېئىرلىرى ۋە «رىسالە»سىدە، دۆلەت شاھ سەمەرقەندىنىڭ «تەزكىرە تۇسشۇ ئارا»سىدا، «بابىرنامە» سىدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەپەككۇرى بىرقانچە ئەسىردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۇركىي شېئىرىيىتىنىڭ قامۇسى، شېئىرىيەت ئوقۇتۇشىنىڭ ئۆلچەملىك كىتابى، شېئىرىي ھەۋەسكارلىقنىڭ يالقۇنلۇق قويۇن دەپتىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ سەئىدىيە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە 12 مۇقام تېكىستلىرىگە بولغان سالماقلىق تەسىرىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن.

ئەلىشىر نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ شۇنچە كەڭ ۋە شۇنچە كۆرۈنەرلىك تەسىرى مەخسۇس بىر تېما بولۇپ، ئۇ ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىغىمۇ تۇتىشىدىغانلىقى تەبىئىي.

ئەلىشىر نەۋائىي تارىخىي ئەنئەنىلەرنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەنلىكى، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى ۋە شېئىرىيىتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشقانلىقى، تەپەككۇر ۋە

تەسەۋۋۇر، تىل ۋە مەجازى جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرغانلىقى تۈپەيلى يۇقىرى مەنىۋى قىممەتتىكى باي مىراسلار قالدۇرۇلدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي چەكلىمىسى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلغان ئىدىيىلىرىنىڭ مەنىۋى چەكلىمىسى تۈپەيلى ئەلىشىر نەۋائىي دۇنيا قارىشى تولىمۇ مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق، زىددىيەتچان بولىدى. ئۇ ئومۇمەن ئالەم يارىلىشى مەسىلىسىدە ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم تۇرالغۇسىدىن ئايرىلالمىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە نەقشىۋەندىچىلىك سوپىزمى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. سىياسىي - ئىجتىمائىي غايە مەسىلىلىرىدە ئوتوپىزم - ئۇمىدۋار ئىدېئالىزملىق ئىنتىلىشلەرنى ئىپادىلىدى.

شۇ نەرسە روشەنكى، ئەلىشىر نەۋائىي ئۇچۇن، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىگە ئاساس بولغان نەرسە ئىنسان - ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ھاكىم مۇتلەقلىقىنىڭ نىگىزى — ئىنساننى خارلاش، ئاياغ ئاستى قىلىش پرىنسىپىغا قارىمۇقارشى ھالدا نەۋائىينىڭ ئىنساننى، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئېچىشنى، ئۇنىڭ ئىقتىدارى، گۈزەللىكى ۋە بەخت - سائادىتىنى كۈيلەشنى، دۇنيانىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىن - ئازادە گۈلىستانلىقىغا ئايلاندۇرۇشنى كۈيلىدى. مانا بۇ ئەلىشىر نەۋائىي

ئىنسانىيەت قەلبىگە مەڭگۈ خاتىرە قىلىنىپ تىكلىگەن ئاساس.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرى» 15 ـ توم، تاشكەنت 1963 – 1968 ـ يىل نەشرى.
2. «نەۋائىي ئەسەرلىرى لۇغىتى» تاشكەنت 1972 ـ يىل نەشرى.
3. ئىززەت سۇلتان: «نەۋائىينىڭ قەلب دەپتىرى»، تاشكەنت 1969 ـ يىل نەشرى.
4. ۋاھىد زاھىدوف قاتارلىقلار: «نەۋائىي ۋە ئەدەبىي تەسىر مەسىلىلىرى» تاشكەنت 1968 ـ يىل نەشرى.
5. ش. ش. ئابدۇللايوف قاتارلىقلار: «نەۋائىيغا ئارمىغا» تاشكەنت 1968 ـ يىل نەشرى.
6. نەتەن موردا موللايوف: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» 1965 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.
7. ئا. قاسىموف قاتارلىقلار: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» 1978 ـ يىل تاشكەنت نەشرى.

www.uyghurkitap.com

# ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى خەلقچىللىق روھ توغرىسىدا

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك پۇشتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل پىركامىللىرىدىن بىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا ئەبۇ ناسىر ئەل فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يەنە بىر يۈكسەك ئۆلگە، دۇنيا شېئىرىيەت گۈلزارىنىڭ تۈركىي تىل پاساھەتىدىكى ساھىبقىران ئۇستازى، پەلسەپىۋى ھېكمەت جاۋاھىراتىنىڭ مىسلىسىز سەمەرە ئىگىسى، «ئۆزىنىڭ كۆزقاراشلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ، كىتاب يازغان بىردىنبىر يازغۇچى»، مەھمۇد قەشقەرىدىن كېيىن يېتىشىپ چىققان ئانا تىلنى قوغدىغۇچى يەنە بىر بۈيۈك ئەللامە، «شېئىرىيەت مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزگەن ساھىبقىران» (ھۈسەين بايقارا)، ئۆز ئەسەرلىرىدە تەخمىنەن بىر مىليون 378 مىڭ 67 سۆز ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ تىلشۇناسلىق - سۆزمەنلىك جەھەتتىكى ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلغان ھۆرمەت ساھىبى، شائىر، مۇقامشۇناس ھەزرىتى نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي (مىلادىيە 1441 - يىل 2 -

ئاينىڭ 9 - كۈنى تېمۇرىيلەر سۇلالىسىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان خۇراساننىڭ ھىرات شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1501 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ھىراتتا ۋاپات بولغان) ئۆمۈر مۇساپىسى جەريانىدا خەلقنىڭ قازىنىدا قايناپ، سۆيىدە ئېقىپ كەلگەچكە، ئەسەرلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىدە روشەن ھالدا خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ يېتىشىپ چىققان ئائىلىۋى مۇھىت ۋە جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، نەۋائىي ئەينى دەۋر رىئاللىقىغا ئۇيغۇن ھالدا بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىغا ھېسداشلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەتتىكى ئاجايىپ تالانتىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق خەلقپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلدى. قىسقىسى، ئۇ ئەسەرلىرىنى ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك دۇردانىلىرى بىلەن نەقىشلەپلا قالماستىن بەلكى، بۇ خىل ئىدىيىنى ئالىلىقاچان ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن رىئاللىققا ئايلاندۇرغانىدى. مەسىلەن، ئۇ ئاتىسىدىن قالغان مال - مۈلۈك، يەرلىرىدىن چىققان بارلىق دارامەتلەرنى دۆلەت ئىشلىرىغا ۋە خەير - ساخاۋەتكە ئىشلەتتى. ئۇ ئۆز خىراجىتى بىلەن ھىرات ۋە خۇراسانغا 400 گە يېقىن

مۇئەسسەسە ياساتقان بولۇپ، بۇلار مەدرىسە، شىپاخانا، كارۋان سارايى، هاممام، رەستە، مۇساپىرخانا، خانىقا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىرىق ـ ئۆستەڭ، كۆۋرۈك، يول قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يەنە هەر يىلى كۆپلىگەن ئىلىم ئەهلىلىرىگە ئېهسان ۋە سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئىقتىسادىي جەهەتتە قىيىنچىلىقى بار، ئەمما قولىدىن كۆپ ئىش كېلىدىغان ئىگىلىرىگە ياردەم قولىنى سۇنۇشنى هەقلىق بۇرچۇم دەپ بىلەتتى. شۇڭىمۇ تارىخچى مىرخۇندىنىڭ «رەۋزەتۇسافا» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقىشىغا بىۋاسىتە ياردەمدە بولغان. ئۇنىڭ بۇ خىل خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى شائىر مۇساپىر شەهەر كەمبەغەللىرىگە قۇتقۇزۇش بۇيۇمى ۋە نەپىقە بېرىشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. هەتتا بەزىدە ئاهالىلەرگە سېلىنغان سېلىقلارنىمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىنلا ئۆزى تۆلىۋېتەتتى... دېمەك، نەۋائىي تارىختا پەقەت بىر مۇتەپەككۇر، شائىر، تىلشۇناس ۋە تەرەققىيپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر دۆلەت ئەربابى بولۇش بىلەنلا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۇچۇن پۇتۇن بايلىقىنى سەرپ قىلغان مەرد ساخاۋەتچى بولۇپ، خىزىرلىق سۈپىتىدە نام قالدۇرغان شەخستۇر.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئادەمنىڭ

هــەرىكىتى كۆپــىنچە هــاللاردا شــۇ ئــادەمنىڭ ئۆزگىىچە ئىدىيىســىنى بەلگــىلەپ بېــرىدۇ. قىلىۋاتقــان هــەرىكىتى قانداق بولسا، ئۆزىگە ۋەكىلىلىك قىلىدىغان ئىدىيىسىمۇ كۆپىنچە هاللاردا شۇنداق بولىدۇ. بۇ هېچقانداق ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان هۆكۈم ئىكەنلىكى هەممەيلەنگە ئايان. يۇقــىرىدا دەپ ئــۆتكىنىمىزدەك، بۈيــۈك ئەللامــە، شــائىر ئەلىشــىر نەۋائىي ئەمــەلىي هــەرىكىتى ئــارقىلىق قولىدىن كېلىشــىچە خــەلق ئۈچــۈن خىزمــەت قىلغــان. ئــۇ تاپقان ۋە ئۈنىڭغا تېگىشلىك بولغان مــال ـ دۇنيــانىڭ هەممىسى تېگى ـ ماهىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يەنىلا خەلقنىڭ شۇنداق بولغانىكەن ئۇ هەر دائىم خەلق مەيدانىدا تۇرىدۇ. خەلق بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئۆز قىسمىتىم دەپ بىلىدۇ، خالاس. شۇڭىمۇ ئۇ مىراسى ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ئەسەرلىرىدە:

يۇز جاپا قىلسا ماڭا، بىر قەتلە پەريات ئەيلەبان،
ئەلگە قىلسا بىر جاپا، يۇز قەتلە پەريات ئەيلەبان.

دەپ يېــزىش ئــارقىلىق خەلققــە جــەبىر ـ زۇلــۇم سالغۇچىلارنىڭ ئەگەر ئۆزىگە يۇز قېتىم جاپا سالسىمۇ، بىر قېتىم نالە ـ پەرياد قىلمايدىغانلىقى، مۇبادا خەلققە بىر قېــتىم جاپــا سالســا يــۈز قېــتىم نالــە ـ پــەرياد

قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىدىغان يۈكسەك گۇمانىزملىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.
شائىرنىڭ غەزەل، بېيىت، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، تەرجىئبەند، رۇبائىي، تۇيۇق، قىتئە، پەرياد قاتارلىق شېئىرىيەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ، مۇھەببەت لىرىكىسى، ئىنتىم لىرىكا، سىياسىي لىرىكا، قەسىدە تۈرلىرى بويىچە يازغان 44803 مىسرا ھەجىمدىكى 3130 پارچە شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت توپلامدىن تەركىب تاپقان «چاھار دىۋان» ناملىق ئەسىرىدە، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتكەن بولۇپ، «دىۋان» ئىچىدىكى ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىدە بۇ خىل ئىدىيىنى نامايىش قىلغان. ئۇ «چاھار دىۋان» دا پادىشاھلارغا بەخت ـ سائادەت، ھۆر، پاراۋان تۇرمۇش يارىتىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ دەل خەلق ئاممىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، خەلققە زۇلۇم قىلماسلىقنى ئۆتۈنىدۇ ۋە ئىنسابقا چاقىرىدۇ:

قەسىركى، بەزم ئۇندا مۇھەييا بولۇپ،
زىننەتى پەردەۋسى مۇئەللا بولۇپ.

پەردىلىرى رىشتىسى ئەل جىنىدىن.
لەلىيوْل شىنگەرفى ئولوْس قىنىدىن،
شەمسى ئەل مىلى بىلەن زەر نىگار.
ئەل دورو لەلى بىللە گوْھەر نىگار.

................

زوْلموْك ئىروْر كوْندوْزى، پىسقىك كىچە.
زوْلوْم ئىلە پىسقىك نىچە بولغاي، نىچە؟

................

زوْلوْم ئوْزوْگە پىسقىدوْر ھەي ھوْشيار،
كەم قىل ئوْنى، بولسا ساڭا ھوْشيار.

مەزموْنى: پادىشاھ، سەن خوْشاللىق بەزمىسىگە بىرىلىپ، ئەيش - ئىشرەت كوچىسىغا كىرىپ كەتتىڭ. سەن بەزمە قىلىۋاتقان قەسىر - ساراي، چىرايلىق قىلىپ بىزىتىلگەن باغوْ بوستانىنىڭ پەردە يىپلىرى ئەل جىنىدىن، قىممەت باھالىق قىزىل تاشلار خەلق قىنىدىن، قەسىر تورۇسىدىكى قوْياش شەكىللىك ياسالغان نەقىشىنىڭ ياقوْتلىرى، ئالتوْن رەڭ سىرلىرى ئەل مىلىدىن بويالغان... كوْندوْزى زوْلوْموْڭ، كىچىسى پىتنە - پاساتلىرىڭ ھەددىدىن ئاشتى. قاچانغىچە بوْ زوْلوْم، پىتنە - پاساتلىرىڭ داۋام قىلىدوْ؟ ئەي ئوْزىنى ھوشيار دەپ بىلگوْچى ئادەم، ئەگەر سەندە ئاز - تولا ھوش بولسا،

زۇلۇمنى كېمەيت، زۇلۇم ئۆزۈڭگىمۇ يامانلىق كەلتۈرىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خەلقنىڭ باياشاتلىقى، خاتىرجەملىكى، بەخت ـ سائادىتى ئۇنىڭ باشپاناھى بولغان پادىشاھقا باغلىق. ئۇ قانداق يول تۇتسا، خەلقنىڭ تەقدىرى شۇنداق بولىدۇ. بۇ خۇددى نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان: «ئەلدىن ھەسرەت يەتمىسە، ئەلنىڭ مۇكاپاتىدۇر» دېگەن پەلسەپىۋى ھېكمەت ۋە «بەدايىئۇل ۋەسەت» تە تىلغا ئېلىنغان: «ئەگەر شاھ ئادالەتنى كەسىپ قىلسا، قۇياشتەك جاھاننى بىردەمدىلا يورۇتۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇ زۇلۇم قىلسا، كېچە قاراڭغۇلۇقىدەك شۇ دەمدىلا ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ» دېگەن ئىبارە بىلەن مەنە جەھەتتىن بىر، خالاس.

نەۋائىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قەھرىمانى ھەقىقىي ئىنسان بولۇپ، ئۇ ھەرۋاقىت ئىنساننى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى مەدھىيىلەپ، ھەقىقىي ساپ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدى. دۇنيادىكى ئەڭ شەرەپلىك ئىش ـ ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئادەمنى ئەرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكىم يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

(ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشىنى ئادەم دېمە.
(«ھەيراتۇل ئەبرار» دىن)

پەرھات ئوبرازى خەلقپەرۋەرلىكنىڭ يەنە بىر ئاساسى بولۇپ، پەرھات كانال قېزىش ئۈچۈن جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ جاپاسىغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. خەلقپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ، قارۇندىن ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر نەچچە ئايدا قىلغان ئىشىنى بىر كۈندىلا قىلىش ئارقىلىق خەلق جاپاسىنى يەڭگىللىتىدۇ. پەرھادنىڭ ئىلىم ـ ھۈنەر ئاساسىدىكى مېھنەت قابىلىيىتى ئۆستەڭ چېپىش، كانال قېزىش، ئىمارەت قۇرۇش ئىشلىرىدا تېخىمۇ كامال تاپىدۇ، پەرھاد مەيلى ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا بولسۇن، مەيلى قانال قېزىشتا بولسۇن، مەيلى ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا بولسۇن، خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە، ئىشنى پىلانلىغۇچى، تەشكىللىگۈچى، ئۇنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە يەڭگىللىك تۇغدۇرغۇچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. شۇڭا خەلق پەرھادتىن ئىنتايىن مىننەتدار بولىدۇ. بۇ

نەۋائىينىڭ شەخسىي ئارزۇسى ـ ئىدىيىسى بولۇپ، پەرھاد ئوبرازى دەپ يازدى. دېمەك، نەۋائىي شېئىر ئارقىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ ئىنساننىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئېچىش ۋە ئۆزىنى تونۇيالىغان، ئۆزىنى يوقاتقانلارغا ئىنسان ماھىيەتلىرىنى تېپىۋېلىش توغرىسىدا يول كۆرسەتتى ھەم ھەقىقىي ئىنسان خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى پەرھاد، ئىسكەندەر، نەۋفەل، مېھنبانۇ، شېرىن ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىدى. بۇ نۇقتا پەرھاد ئوبرازىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئىنسانغا مۇھەببەت، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى پەرھاد ئوبرازىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. پەرھاد ئۆزىنىڭ ئىلمىدە كامالەتكە، ھۈنەردە ۋايىغا يېتىشىنى شەخسىي نۇقتىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنسان ھاياتى بىلەن باغلاپ قارايدۇ. ئۇ بىلىم، ھۈنەر، ئىجادىيەتنى ئاممىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىنسانىي بۇرچۇم دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ ئەرمەنىستان تاغلىرىدىكى باتۇرلۇقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىنى ھەقىقىي ئاشكارىلىغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمۈر مۇساپىسىنى خەلقپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك ئۈچۈن بېغىشلاشقا قەسەم قىلغان يۈكسەك گۇمانىزملىق قاراشقا ئىگە شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن

ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەر بولسا بۇ يولدا ئۆمۈرۈم تەلەپ،
چۇ بۇ يولدا دۇر ئۇل ھەم ئەرۇر شەرەپ.
ۋەگەر بولسام ئۆز ئامما بەھرەمەند،
زېمىن مۈلكى جاۋىدۇ تەختى بەلەند.

(كىمكى ئۆز ئۆمرىنى ئەل خىزمىتىگە سەرپ قىلسا، گەرچە ئۆمرى كەتسىمۇ، مەڭگۈلۈك ئۆمۈرگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئۆزۈڭنى بۇ تۇپتىن يىراق تۇتما. بېشىڭ كەتسىمۇ بۇ مۇددىئانى ئۇنتۇما.)

كىشىدە ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىدىيىلا بولىدىكەن. ئۇنىڭ ماڭغان ئىزلىرىدىن گۈل - چېچەك ھىدى كېلىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئېنىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىر نەۋائىينىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە يازغان خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئائىت بايانلار بىلەن ئۇنىڭ رېئال ئىش - ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار ئۇنىڭ نامىنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى ئىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى پىكىر ئىزچىللىقلىرىنى ھەقىقەت مەيدانىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ باقىدىغان بولساق،

ئۇنىڭ مەيلى «چاھار دىۋان» دا بولسۇن ۋە مەيلى «خەمسە» لەردە بولسۇن روشەن ھالدا خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. م. شاكىر ئۈلكۈر تاشىر: «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.
2. جاپپار ئەمەت رەتلىگەن: «نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە قانچە سۆز ئىشلەتكەن»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1992 - يىل 4 - سان.
3. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» بىرىنچى كىتاب 2 - قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان.
4. گۈلزەپەر مۇھەممەت: «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» (3)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەبئەئى سەييار

ئەجەم مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بەھرام شانۇشەۋكەت بىلەن سەلتەنەت سۈرەتتى. ئەينى ۋاقىتتا رۇم، چىن مەملىكەتلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەۋە ئىدى. ئۇ ئادەتتە ئەيش ـ ئىشرەت، مەيخورلۇق، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىقلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈنى ئۇ باياۋاندا كېتىۋاتقان بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ ئۇنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ ۋە ھال ـ ئەھۋال سوراپ، ئۇنىڭ مۇددىئايىنى بىلمەكچى بولدى. سەيياھ بەھرام شاھ ئالدىغا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شاھ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، سەيياھ — مەشھۇر رەسسام مانى دېدى:

— چىن مەملىكىتىدە بىر گۈزەل قىز بولۇپ، ئۇ ھۆسن ـ جامال ۋە چاك چېلىشتا تەڭداشسىز ئىدى. خوجايىنى ئۇنى چىننىڭ بىر يىللىق خىراجىتىگە يەتكۈدەك پۇلغا ساتماقچى؛ چىن خانى ئۇ قىزنى ئاشۇ باھادا سېتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەركانى دۆلەت يول قويمىدى.

مانى شۇ پەرۋەشنىڭ سۈرىتىنى بەھرامغا كۆرسەتتى.

بەھرام سۈرەتنى كۆرۈپ، بۇ پەرىگە غايىبانە ئاشىق بولدى. ئۇ چىنغا دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، ئاشۇ پەرى دىلئارامنى ئېيتىلغان باھا بويىچە ئەكەلدۈردى ھەم ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىپ بەختىيار بولدى. ئۇلار كۆپ ۋاقىتلاردا بىرگە سەيلە ـ ساياھەت قىلىشاتتى، بەھرام ئوۋ ئوۋلىسا، دىلئارام يېقىملىق نەغمە چالاتتى، شەۋق ئوتىدا مەست بولغان شاھ ئۆز گۈزىلى قولىدىن مەي ئىچەتتى، دېمەكچى ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىرى خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆتەتتى. بەھرام شۇ يوسۇندا پەقەت دىلئارام بىلەنلا بولۇپ، مەملىكەت ۋە لەشكەر ئىشىنى ئۇنۇتتى. بۇ ھال ئۆز خەلقىگە مالامەت ـ كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەل ئىشىغا نىسبەتەن خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولۇپ، بىسەرەمجانلىق كۆچەيدى.

بىر كۈنى بەھرام دىلئارام بىلەن بىرگە مەستخۇش ھالدا ئوۋ ئوۋلىماقتا ئىدى. بىر كېيىك ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. بەھرام دىلئارامدىن «قانداق ئاتاي؟» دەپ سورىدى. دىلئارام «ئاۋۋال ئىككى پۇتىنى چېتىپ، ئاندىن بېشىنى كەسكىن» دېدى. بەھرام ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئوق ئاتتى، ئوق كېيىكنىڭ بىر پۇتىدىن ئۆتۈپ ئىككىنچى پۇتىغا قادىلىپ توختىدى، بەھرام ئىككىنچى ئوقنى ئېتىپ كېيىكنىڭ بوغۇزىغا كەپلىدى. بۇ ئىشتىن پەخىرلەنگەن شاھ ئۆز سۆيۈملۈكىدىن ئالاھىدە مەدھىيە

كۆتتى. بىراق دىلئارام «كىمكى بىر ئىشنى پۇختا ئىگىلىسە نەتىجىسى تەبىئىيكى شۇنداق بولىدۇ» دېيىش بىلەن كۇپايىلەندى. بەھرامنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ غەزەپلەنگىنىنى سەزگەن دىلئارام ئىزاھات بەرمەكچى بولۇپ، ئىشنى بەكرەك بۇزۇپ قويدى. چۈنكى ئۇ: «چاڭ چالسام ھەممە ئادەم بىھوش بولىدۇ، بۇمۇ ئۇزاق ۋاقىت مەشىق قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسىدۇر» دېگەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، دىلئارامنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇماقچى بولىدى، لېكىن ئەتراپىدىكىلەر: «ئايال كىشىگە تىغ تەگكۈزۈش ياخشى ئىش ئەمەس» دەپ مەسلىھەت بەرگەچكە، بەھرامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دىلئارام باياۋاندا يالغۇز قالدۇرۇلۇپ، قالغانلار ئوردىغا قايتىشتى. بەھرام ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە مەي ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئۆز سۆيگىنىنى ئەسلەپ، تۈنۈگۈنكى ئىشىدىن پۇشايمان قىلىدى ھەم بىقارارلىقتا قالدى. ئايرىلىشقا چىدىيالمىغان شاھ ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، باياۋانغا چىقىپ دىلئارامنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئەمما دىلئارامنىڭ ھېچقانداق ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدى. بەھرام كېچە - كۈندۈز دىلئارامنى ئەسلەپ، نالە - پەرياد چېكىپ ئۆز جېنىدىن تويۇپ قالدى.

بەھرامغا قاراشلىق بىقىندى شاھ ۋە بەگلەر ئۇنىڭ

سارىيىغا جەم بولۇشتى. چۈنكى شاھ ئاللىقاچان تەختتىن ئۆزىنى قاچۇرغان بولۇپ، ھازىر ئەل ئىشىنى باشقۇرالىغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ تېنى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىپ، قىلغان سۆزلىرىگە ئىگە بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇ پات ـ پات ھوشىدىن كېتەتتى. ئەركانى دۆلەت تۆت يۈز نەپەر ھېكىم، تېۋىپلارنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن پادىشاھنىڭ كېسىلى ھەققىدە مەسلىھەت ئالدى. ئۇلار بىردەك: «ئەگەر پادىشاھقا دۈشمەن جەڭ ئېلان قىلسا بىز ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ جېنىمىزنى پىدا قىلغايمىز، ئەمما ئۇنىڭ بەدىنىدە كۆرۈلگەن ئىللەتكە بىز ئىلاجسىزمىز، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلار ئامال قىلغايسىزلەر، راست گەپنى ئېيتقاندا، ئەگەر خىلمۇ بۇزۇلۇش تۈپەيلى تەبىئەتكە زىيان ـ زەخمەت يەتسە داۋالاشقا بىز تەييار، ئەمما ئىشق دەردىگە داۋا تېپىش ھەكىملەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ئىشق دەردىنىڭ داۋاسى ۋىسالدۇر. پادىشاھ ئىشقتىن يارىلانغان. ئىشق دېمەك — ئوت دېمەكتۇر. بىز بۇندىن ئۆزگىگە ھەر ھالدا ئىلاج تاپالايمىز» دېيىشتى.

شۇنداق بولسىمۇ بۇ ھەكىم ۋە تېۋىپلار تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۇسۇللار بىلەن پادىشاھنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئىككى يىل ئېلىپ بېرىلغان بۇ داۋالاشلار ئاز ـ تولا ئۈنۈم بېرىپ، پادىشاھ خېلى جانلىنىپ، پىكرى روشەنلەشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن «تاماشا سەۋدانى يوقىتىدۇ» دېگەن مەسلىھەتلەر بىلەن يەتتە قەسىر بىنا قىلىنىدى. بۇ قەسىرلەرنىڭ تاماشاسى بەھرامغا قۇۋۋەت بېغىشلىدى. چۈنكى مانى بۇ قەسىرلەرنى يەتتە خىل رەڭدە بېزىگەن، ھەركىملەرنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن ھەربىر قەسىرگە يەتتە ئىقلىمدىن كەلتۈرۈلگەن گۈزەللەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پادىشاھنىڭ مەئىشەت بىلەن ئارام ئېلىشىغا سۇنغانىدى. بۇ گۈزەللەر ئاشۇ يەتتە ئىقلىم شاھلىرىنىڭ قىزلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بۇ قەسىرلەردە بەھرام نىكاھىغا ئۆتۈشەتتى.

شەنبە كۈنى بەھرام مۇشك رەڭلىك قەسىردە مەئىشەت قىلىپ، مۇشك رەڭلىك مەي ـ شارابلار ئىچتى. بۇ قەسىردىكى گۈزەل بەھرامنى تولىمۇ قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، كۆپ ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى. پادىشاھنى ئۇيقۇسىزلىق ئازابلاشقا باشلىدى. شۇڭلاشقا ئۇ كوچىدا ئۇچراشقان مۇساپىردىن بىرىنى ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. چۈنكى ئۇ ئەپكېلىنگەن مۇساپىر ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلسا، ئازراق بولسىمۇ ئارام ئالارمەن، دەپ ئويلىغانىدى. بىر مۇساپىر كەلتۈرۈلدى، ئۇ تۆۋەندىكى ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

## بىرىنچى مۇساپىر ھېكايىسى

ھىندى مەملىكىتىدە جەسرەتخان دېگەن بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى پەررۇخ ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، دانىشمەن بىر يىگىت ئىدى. 80 ياشقا كىرىپ قالغان دادىسى تاجۇ تەختىنى بۇ ئوغلىغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما پەررۇخ بۇ تەكلىپنى رەت قىلاتتى. بىر كۈنى كېچىدە پەررۇخ چۈشىدە قۇددۇس زېمىنىدىكى بىر گۈزەلنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن، دادىسىدىن ئىجازەت سوراپ، قۇددۇسقا بېرىپ ئاشۇ قىزنى تېپىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. دادىسى باشتا كۆنمىگەن بولسىمۇ، كېيىن نائىلاج رازىلىق بەردى. پەررۇخ كۆپ قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. بىراق قۇددۇسقا بارغاندىن كېيىن ھېلىقى گۈزەلنى تاپالماي پاراكەندە بولدى. بىر كۈنى چۈشىدە: «يارىڭنى ئىزدەپ خەلەبگە بارغىن» دېگەن سادانى ئاڭلاپ، ئەتىسى خەلەبگە قاراپ سەپەر قىلدى. ئۇ قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن پەقەت ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەمنى ئېلىپ قالدى. شۇندىن كېيىنكى سەپەرنىڭ بىر مەنزىلىدە، چۈشىدە كۆرگەن گۈزەلنى ئۇچراتتى، ئەمما ئۇنى كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە بولسا

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى گۈزەلدىن ئەسەر يوق ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەملىرىنىڭ ھەمىشىگە رۇخسەت بېرىپ، ئۆزى دىۋانە سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئۇ گۈزەلنى ئىزدەشكە باشلىدى. خەلەب دىيارىدا ئەخمي دېگەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ بىچارىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنغۇچى مېھرىبان كىشى ئىدى. ھەممە نەرسىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، سەرسانلىقتا ھالسىز ياتقان پەررۇخ ئەخمىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدى. بۇ شەپقەتچى پەررۇخنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىپ، كۆپ مېھماندوستلۇق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىنى، ئىشىق ئوتىدا كۆيۈپ ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇنچە پەرەز قىلدى ۋە كېيىنچە تولۇق خەۋەر تاپتى. ئۇ پەررۇخنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش بىلەن ئۈچۈن ئەتىسى پەررۇخنى مەست قىلىپ قويۇپ، ھەممە گەپلەرنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىۋىدى، نەتىجىدە پەررۇخ ئىزدىگەن گۈزەل ئەخمىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ چىقتى. ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئەخمي ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنىنى تالاق قىلدى ۋە ئۇنى پەررۇخقا قوشۇپ، كۆپلەپ قوغدىغۇچىلار بىلەن پەررۇخنىڭ ۋەتىنىگە ئۇزىتىپ قويدى. ئۆزى بولسا پەقەت پەررۇخنىڭ ئۇستۇېشىنى ئېلىپ قالدى، خالاس.

پەررۇخ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرىدە ئەخمي قوشۇپ

بەرگــەن بــۇ گــۈزەلنىڭ خاپــىغان هــالىتىدىن ئۇنــىڭ كۆڭلىنىڭ يەنىلا ئەخىيدە ئىكەنلىكىنى پەملەپ يەتتى - دە، ئۇلار ئاكا - سىڭىل بولۇپ ئۆتۈشكە ۋەدىلەشتى.

شـۇ كۈنلـەردە ھىـندى مـەملىكىتىدىكى پادىشـاھ —— پــەررۇخنىڭ دادىسـى جەسـرەتخان ئالــەمدىن ئۆتكــەندى. شۇڭلاشــقا خــەلق پــەررۇخنى خۇشــاللىق بىلــەن قارشــى ئېلىشــتى. پــەررۇخ شــاھلىقنى قولىغــا ئــالدى. ئــۇ خەلــەب پاســوندا بىــر قەســر بىنــا قىلــدۇرۇپ، ئۇنىڭغــا ھــېلىقى گۈزەل سىڭلىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

خەلەبتــە يارســىز قالغــان ئــەخىينىڭ ئىشلىرى تــەتۈر كــېلىپ خــاراب بولــدى. ئــۇ قــۇرۇق تۆھمەتكــە ئۇچــراپ، ئــۆز ۋەتىنىدىــن قوغلىۋېتىلگــەندىن كېيىــن، پــەررۇخنىڭ مەملىكىتىگە كېلىپ بىر خارابىدە ماكان تۇتتى.

شاھ پەررۇخ ئەخىيگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئاتــاپ بىــر ئــالىي مېھمانخانــا ســالدۇرغانىدى، ئــۇ ھــەر كېچىسـى دېگۈدەك ئۇخلىمـاي ئـايلىنىپ يـۈرۈپ، مـەزلۇم - بىچارىلەر ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۇ بىر كۈنى مـەلۇم بىـر خارابىلىكتە ئەخىينى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئۇنى تونۇۋالدى. چۈنكى ئــەخىي پــەررۇختىن ئــېلىپ قالغــان كىيىملــەرنى كىيىۋالغانىدى. پەررۇخ ئەخىينى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ، كــۆپ ئىــززەت - ئىھتىــرام كۆرســەتتى. ئــاندىن ئــۆز

يېقىنلىرىنى چاقىرىپ ئەخىي ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ كېلىپ، ئەخىيگە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سۆيگىنىنى نىكاھ قىلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇلدى. ئەخىي قەسرگە كېلىپ ئۆز يارى بىلەن كۆرۈشتى. ئاي يۈزلۈك جانان ئەخىيگە بارچە ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇلار بەختىيارلىقتا ياشىدى. ئەمما ئەخىي ئاشۇ پەقىرلىك لىباسىنى تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئاسرايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردە قارا كىيىم كىيىش ئادەت بولۇپ قالدى.

ھېكايە بايان قىلغۇچى بۇ مۇساپىر ئەخىي ئەۋلادىدىن بولۇپ ھىندى مەملىكىتىدىن كەلگەنىدى. بەھرام ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە ئالدى.

يەكشەنبە كۈنى بەھرام قۇياشتەك نۇرلۇق ئالتۇن كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىگە ئوخشاشلا ئالتۇن رەڭلىك كىيىم كىيگەن ھۆر بىلەن سېرىق رەڭلىك قەسىردە بەزمە تۈزدى. ئاشۇ كېچىسى ئېلىپ كېلىنگەن مۇساپىر تۆۋەندىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى.

## ئىككىنچى مۇساپىر ھېكايىسى

جەمشىت پادىشاھ بولغان دەۋردە، زەيت ئىسىملىك

بىر ماھىر زەرگەر بولغان بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ خەزىنىدارى ئىدى. دائىم شاھ بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىغا قارىماي، پۇرسەت چىقىسىلا پادىشاھقا خىيانەت قىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇ پادىشاھ ئۈچۈن ئالتۇندىن تەخت ياساشقا كىرىشىپ، پادىشاھنىڭ ئۈستىگە سايە چۈشۈرۈش مەقسىتىدە تەختنىڭ تۆت تەرىپىگە بىردىن تۇتقى ئورۇنلاشتۇردى. پادىشاھ بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولۇپ، زەيتنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى. ئەپسۇسكى زەيت ئەسلىدە بۇ تەخت ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئالتۇننى ئاللىبۇرۇن كۈمۈشكە ئالماشتۇرۇپ بولغانىدى.

بۇ ھىيلىنى بىلىپ قالغان ئىككى كىشى تۇتىغا «تەخت يالغاندۇر، بۇنى ياسىغۇچى ئالدامچى، خىيانەتچىدۇر» دېگەن گەپنى ئۆگىتىشتى. پادىشاھ تۇتىلاردىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زەيتنىڭ خىيانەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى زىندانغا سېلىپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. زىنداندا ئۇنىڭغا ھەر كۈنى پەقەت نان بىلەن سۇلا بېرىلەتتى. زەيت ئاشۇ سۇدىن پايدىلىنىپ لاي قىلىپ، لاينى تۆپى ـ تۆپىگە چاپلاپ پەلەمپەي ياساپ زىندانىنىڭ ئۈستىگە يەتتى. ئۇ زىندانغا ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرگەن خەنجىرى بىلەن ئۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com

تاشنى يونۇپ بىر تۆشۈك ئاچتى ھەمدە چاكتىن چىقىپ، ئۇدۇل پەرەڭ تەرەپكە قاراپ قاچتى. زەيت كېيىنچە كونىستانتىننا شەھىرىگە كېلىپ شۇ يەرگە ماكانلاشتى. ئۇ يەردە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن بېزەلگەن بىر بۇتخانا بار ئىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن زەيت دەرھال بۇتپەرەسلىكنى قوبۇل قىلىپ، كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلدى ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەيلىنى تارتتى.

ئاخىر شۇ بۇتخانىغا باش بولۇپ، ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈردى. دەريا بويىدىن بىر غارنى تېپىپ بۇتخانىدىكى بارلىق ئالتۇن بۇتلارنى ئۇ يەرگە توشۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزى ئۇستىلىق بىلەن ياسىغان تۆمۈر بۇتلارنى قويۇپ قويدى. ئاندىن كېيىن بۇتپەرەسلەرگە: «ئانامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىپ قالدى، ئانامدىن ماڭا كۆپ مىراسلار قالاتتى. مەن بېرىپ مىراسلىرىمنى ئېلىۋالاي» دەپ يالغان ئېيتىپ ئۆز ۋەتىنىگە كېتىۋالماقچى بولدى. بۇتپەرەسلەر كۆپ سوۋغاتلارنى يىغىپ ئۇنىڭغا يوللۇق تۇتتى. ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىش ئالدىدا: «بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇرۇپ قويدۇم، تېپىپ ئوقۇڭلار» دېدى. بۇتپەرەسلەر ئۇنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ خەتنى

تېپىشتى. زەيت خەتكە ئۆزىنىڭ بارلىق ئالتۇن بۇتلارنى تۆمۈر بۇتلارغا ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىنى يازغانىدى.

زەيت كېمە بىلەن سەپەر قىلىپ، رۇم ساھىلىگە كېلىپ توختىدى. بۇ مەزگىلدە پادىشاھ جەمشىت ئېغىر كېسەلگە يولۇققان، دائىم زەيتنى ياد ئېتىدىغان، ئۇنىڭغا قىلغان ئىشلىرىدىن پۇشايمان قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

زەيت يوشۇرۇن ھالدا زىندانغا قايتا چۈشۈپ ئولتۇردى. زىندان ساقلىغۇچى بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزدى. پادىشاھ دەرھال زەيتنى ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى. زەيت: «مەن پادىشاھ جەمشىت ئالدىدا گۇناھكار، ئۇنىڭغا قىلغان خىيانىتىمنى ئون باراۋەر ئاشۇرۇپ تۆلەيمەن» دېدى.

پادىشاھ كۆپ كىشىلەردىن ۋاپاسىزلىق كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئۇلارنى جازالىيالمىغانىدى. بۇ نۆۋەت زەيتنىڭ رەقىبلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى زىندانغا سالدى. زىنداندىن چىققاندىن كېيىن زەيت پادىشاھنىڭ ئالدىغا مەخسۇس كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۇنى ئەستايىدىل داۋالاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئالتۇن زەرلىك تونلارنى كىيگۈزۈپ، كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسەتتى.

بۇ مۇساپىر رۇملۇق بولۇپ، زەيت ئەۋلادلىرىدىن ئىدى. بەھرام ئۇنىمۇ ئۆز خىزمىتىگە قوبۇل قىلدى.

دۈشەنبە كۈنى بەھرام ئاچ ھاۋا رەڭلىك قەسىردە يېشىل رەڭلىك كىيىملەرنى كىيگەن نازىنىن بىلەن مەئىشەت قۇردى. بۇ كېچىسى ئېلىپ كېلىنگەن مۇساپىر تۆۋەندىكى ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

## ئۈچىنچى مۇساپىر ھېكايىسى

مىسىر مەملىكىتىدە ئۆتكەن بىر دۆلەتمەن كىشىنىڭ سەئىد ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئىككى مۇساپىر مېھمان بولۇشتى. ئۇلار سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ تۆۋەندىكى ۋەقەنى ھېكايە قىلىشتى: «شەھرىسەبز ياكى كىش دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەردە كاتتا بىر ئىبادەتخانا بار ئىكەن. ئەگەر كىمىكى ئۇ يەردە تۈنىسە، چۈشىدە ئىككى قۇش كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپ ياخشى - يامان ئىشلاردىن بېشارەت بېرىدىكەن. ئۇ يەردە بىر بوۋايمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئادەم بۇ يەردە قونغۇچىلارغا شۇ ئىشلارنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئۆگىتىدىكەن.» سەئىد بۇ ئىشقا ئىنتايىن قىزىقىپ شۇ شەھەرگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇ قارارگاھقا يېتىپ

كەلگەندىن كېيىن، ھېكايىدە دېيىلگەن جايغا كېلىپ تۇنىدى. راست دېگەندەك چۈشىدە ئىككى قۇش ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپ، بىرى: «سېنىڭ نەسىبەڭ پەرى بولىدۇ» دېگەن بولسا، يەنە بىرى: «سېنى دىۋە ئەسىر قىلىدۇ» دېدى. سەئىد ئويغىنىپ قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشتى ۋە ئىككى نەپەر يول باشلىغۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا، غار ئىچىدە يالغۇز ياشاۋاتقان دانا بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. بوۋاينىڭ ئىسمى پەيلەقۇس بولۇپ، يېشى يەتتە يۈزلەردە، جاھاندىن ھېچقانداق دەۋاسى ۋە قورقۇنچىسى يوق بىر ئادەم ئىدى.

پەيلەقۇس سەئىدنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى ھەم سەئىد بۇرۇن يولۇققان ئىشلارنى ئۇنىڭ ئۆزىگە كارامەت قىلىپ سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن ئۆز تارىخىنى ھېكايە قىلدى: ئۇمۇ بۇرۇن شۇ بۇتخانىدا تۇنىگەن، چۈشىدە ئىككى قۇش كېلىپ، بىرى: «سېنىڭ ئىككى پۇتۇڭغا كىشەن سېلىنىدۇ. ئىستىقامەتگاھىڭ قاراڭغۇ گۆر بولىدۇ» دېسە، يەنە بىرى: «ساڭا سەئىد يۇلتۇز بولىدۇ. بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئۆزۈڭ تېپىشىڭ كېرەك، پەقەت يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن سېنىڭ قىسمىتىڭ ئۆزگىرىدۇ» دەپ ئېيتقانىكەن. شۇندىن بۇيان پەيلەقۇس شۇ غار ئىچىدە تەبىر بېرىش بىلەن بەند بولۇپ، سەئىدنىڭ كېلىشىگە يۈز

يىلدىن بۇيان تەقەززا بولغانىكەن. ئۇ سەئىدنىڭ چۈش تەبىرىنى ئېيتىپ بەردى. شەھرىسەبز شاھىنىڭ پەرى سىياقلىق قىزى سەئىدكە نېسىپ بولغانمىش، ئۇ قىز تاغ باغرىدىكى قەلئەدە تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ نەپەر ساقچىسى بار ئىمىش. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى قەتران ئىسىملىك دىۋە، ئىككىنچىسى قەلئە ساقلىغۇچى مەشھۇر ئالىم ھەكىم ئادەم ئىكەن. ئۈچىنچىسى ئەپسۇنچى ئىكەن. بۇ قىزنىڭ ۋىسالىنى ئارزۇ قىلغان ئاشىق ئالدى بىلەن ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ قەتراننى يېڭىشى، ئاندىن ھەكىمنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشى، ئاخىرىدا ئەپسۇنچىنىمۇ ئىلىم بىلەن يېڭىشى شەرت ئىكەن. ئەگەر ئۇ يۇقىرىقىلارنىڭ بىرەرسىگە ئەسىر بولۇپ قالسا ئۇنىڭ بېشى كېسىلىپ، سۆڭەكلىرى ئىتلارغا تاشلىنارمىش.

بوۋاي سەئىدكە شۇ توسۇقلارنى يېڭىشنىڭ ئۇنۇملۇك چارىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئۆز مۆھۈرىنى ئۇنىڭغا بەردى. سەئىد قەتران بىلەن كۆرۈشكەندە بوۋاي ئۆگەتكەن سۆزلەرنى ئېيتىپ مۆھۈرنى ئاغزىدا تۇتۇشى كېرەك ئىكەن. شۇنداق قىلسا ئۇ كۈچلىنىدىكەن. ئەگەر ئۇ مۆھۈر سۈيىنى دۈشمەنگە چاچالىسا، دۈشمىنىنى ئۇيقۇغا ئەسىر قىلالايدىكەن. ئىككىنچى قەدەمدە بوۋاي يازغان خەتنى قەلئەچىگە بەرسە ئۇ ياردەم قولىنى سۇنىدىكەن. چۈنكى ئۇ

پەيلەقۇسنىڭ شاگىرتى ۋە دوستى ئىكەن. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن سېھىرگەرنىمۇ يەڭگىلى بولىدىكەن.

سەئىد كىش شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەتىسى خانىنىڭ رۇخسىتى بىلەن كۆرستىلگەن ئىشلارنى بېجىرىشكە كىرىشتى. شۇ كۇنى كەچقۇرۇنلۇقى سەئىد مەھبۇب خىيالى بىلەن مەينى كۆپرەك ئىچىپ قويۇپ مەستانە ھالەتتە قەلئە تەرەپكە قاراپ كەتتى، بۇ ۋاقىتتا قەتران بىر مەست كىشىنىڭ قەلئە ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى تۇتتى ۋە بىر غارغا قاماپ قويدى. سەئىد ئەتىگەندە ئۆزىنى تۇتقۇنلۇقتا كۆرۈپ، دانا بوۋاينىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى پىچىرلاپ ئوقۇپ، قۇۋۋەت تاپتى - دە، غار ئالدىدىكى تاشنى ئېلىپ تاشلاپ، قەتران بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ كۈچى ئاساسەن تەڭ كېپقالدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي قەتراننىڭ ئۇيقۇسى غالىب كېلىپ ئۇنى مۆگدەك باستى. بۇ ۋاقىتتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن سەئىد قەتراننى دەس كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن كېيىن ھەكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ پەيلەقۇسنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا بەردى. ھەكىم ئۇستازىنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ۋە: «ئۇچىنچى قەلئەدىكى پاسىبان يىپ ئارغامچىدىن قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىدۇر. ئۇنى ئۇرۇپ

يىقىتىپ، سۆيگىنىڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىۋەر» دېدى. سەئىد ئۇنىڭ ئىيتقانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلدى. سەئىدنىڭ ماھارەت ۋە غەلىبىسىدىن خۇرسەن بولغان شەھرىسەبز شاھى ئۇنى ئۆزىگە پەرزەنت قىلىۋالدى ھەمدە قەسرى ئەھزەردە پۈتۈن شەھرىسەبز ئېلىنى ئايلىنىپ توي تاماشا ئۆتكۈزدى.

بۇ مۇساپىر شەھرىسەبزلىك بولۇپ، سەئىدنىڭ خانىدانىدىن ئىدى. بەھرام ئۇنى شەھەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى.

سەيشەنبە كۈنى بەھرام گۈل رەڭ لىباسلىق گۈلنارى قەسرىدە، شەپەق رەڭلىك قۇياش چىراي گۈزەل بىلەن سۆھبەت قۇردى. بۇ كۈنى كەلتۈرۈلگەن سەيياھ تۆۋەندىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى.

## تۆتىنچى مۇساپىر ھېكايىسى

دېھلىدە جۈنە ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كەڭ خەلق ئارىسىدا ساخاۋەت، ئىنساپ ۋە ئادىللىقتا شۆھرەت تاپقانىدى. بىر كۈنى ئۇ تەراز شەھرىگە مەسئۇد ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ خەير ـ ساخاۋەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئاددىي پۇقراچە

ياسىنىپ مەسئۇدنىڭ دەرگاھىغا باردى. مەسئۇدنىڭ ئادەملىرى جۆنەگە ياخشى تائاملار بىلەن زىياپەت بېرىپ، قىزغىن كۈتۈۋالدى. پادىشاھ ئىلىملىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتى سۆھبەت داۋامىدا نامايان بولدى.

مەسئۇد جۆنەگە ئىچكەنگە تۈگىمەيدىغان بىر قەدەھ مەي ۋە گۈلگۈن ئىسمىلىك بىر پەرىۋەشنى ھەدىيە قىلدى ھەمدە مەسئۇد بۇ «مۇساپىر» غا ئۆز پادىشاھىنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ تەرىپلىدى. بۇنىڭدىن پادىشاھ جۆنە خۇشال بولدى. ئۇ مەسئۇد بىلەن خەيرلىشىپ دېھلىگە قايتىپ كەلدى ۋە تەراز شەھىرىنىڭ زالىم ھۆكۈمرانى جەيپۇرنى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسئۇدنى تەيىنلەپ بۇيرۇق چىقاردى. ئەمما مەككار نائىپ مەللۇ ھايال ئۆتمەي بۇ خەۋەرنى جەيپۇرغا يەتكۈزۈپ، ئۇلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ مەسئۇدنى يوقىتىۋېتىش قارارىغا كېلىشتى. جەيپۇر يوشۇرۇن تۈزاق قويۇش مەقسىتىدە مەسئۇد بىلەن يالغاندىن دوستلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرقانچە قېتىم باردى. ئۇ بىر كۈنى مەسئۇدنى مەست قىلىپ قويۇپ، بىر قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. ئەتىسى «مەسئۇد يوقىلىپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەڭ تارقالدى. بۇ شۇم خەۋەردىن كەڭ جامائەت غەم - قايغۇغا چۆكۈشتى. جەيپۇر ئۆزىنى

ھەممىدىن بەكرەك غەمكىن قىلىپ كۆرسەتتى. كۆڭلى ئۆتۈپ مەسئۇد تېپىلمىغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنىڭ ھازىسى ئېچىلىپ، نەزىر قىلىندى.

سۈيىقەستچىلەر مەسئۇد ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىپ، كالتەك بىلەن دۇمبالاشقا باشلىدى. مەسئۇد ئۆز گۇناھىنى سورىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ئۇنى زىندانغا سېلىشتى. مەسئۇد بۇ خىل ئار - نومۇس ۋە ئازابلارنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆلۈمگە رازى بولدى. قارا نىيەتلەر ئەتىسى ئەتىگەندە مەسئۇدنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. بۇ ۋاقىتتا جەيپۇرنىڭ مەسئۇدنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىسى دادىسى ۋە ساقچىلارنىڭ مەسئۇدنى ئۆلتۈرۈش مەسلىھىتىنى قىلىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زىندانغا باردى ۋە ئۇ يەردىن مەسئۇدنى تېپىپ، ئىككى نەپەر كېنىزىكىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن مەسئۇدنى زىنداندىن تارتىپ چىقىرىپ، ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويدى.

مەسئۇدنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلار ئەتىسى ئەتىگەندە زىندانغا كەلسە، ساقچى مەست ھالەتتە ئۇخلاۋاتقان، زىنداندا ئادەم يوق. ئۇلار گەرچە ئون كۈن ئەتراپلىق ئاختۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاپالمىدى. قىز

ئاختۇرۇش تۇگمگۈچە مەسئۇدنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىردىن ئاتقا مىنىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ شەھەردىن قاچتى. بۇ ھالدىن خەۋەر تاپقان جەيپۇرنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشتى. ئۇلار يېقىنلىشىپ قالغاندا مەسئۇدلار دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە ساھىلدىكى بىر بىكار كېمە بىلەن تېزلىكتە قىرغاقتىن يىراقلاشتى. ئۇلار ئون كېچە - كۈندۈز جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قىرغاققا ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار قىرغاققا چىقىپ، قۇرۇقلۇقتا خېلى ئۇزاق يول يۈرۈپ، بىر شەھەرگە يېقىنلاشقاندا بىر توپ قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىشتى. قاراقچىلار بۇ ئىككىسىنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى، ھەتتا ئۇچىلىرىدىكى كىيىملىرىنىمۇ بۇلىۋالدى. يالىڭاچ قالغان بىچارىلەر يولدا بىر بۆلۈك ساخاۋەتلىك كىشىلەرگە يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇلار بەرگەن كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشىپ، كۆز ئالدىدىكى شەھەرگە يېتىپ كېلىشتى ۋە بىر خارابە ئىچىگە ماكانلاشتى. ئاچلىق ئۇلارنىڭ جېنىغا تەھدىت سالغاچقا، مەسئۇد ئوزۇق - تۈلۈك تېپىش مەقسىتىدە شەھەرگە چىقتى. ئۇ ھامالىلىق قىلىپ جۆنەنىڭ سارىيىغا بېرىپ قالدى. ئۇ يەردە شاھ بەزمە قۇرغان بولۇپ، گۈلگۈن كېنىزەك شاھ

www.uyghurkitap.com

ئىنئام قىلغان كىيىملەرنى كىيىپ، مەسئۇد شاھقا بەرگەن جامدىن مەي ئىچىپ، نەغمە قىلىپ ئولتۇراتتى. مەسئۇد تەمە قىلغان بولۇپ قالماي، دەپ قاراپ ھەر ئۆزىنى تونۇتماسلىققا تىرىشىپ، سىرتقا چىقتى. ئەمما خىزمەتكارلار ئۇنى تونۇپ قېلىشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ يۈگۈرۈپ چىقىپ مەسئۇد بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى.

مەسئۇد بىلەن گۈلرۇھنىڭ نىكاھى ئوقۇلدى. مەللۇ بىلەن جەيپۇر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، مەسئۇد بارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ھاكىملىققا بەلگىلەندى.

بۇ مۇساپىر تەراز شەھرىدىن بولۇپ، مەسئۇد ئەۋلادىدىن ئىدى. بەھرام ئۇنى ئۆزىگە ھەمدەم قىلدى.

چارشەنبە كۈنى بەھرام ماۋى قەسىرنىڭ ھاۋا رەڭ كىيىملىك ساھىبەسى بىلەن مەئىشەتتە بولۇپ، تەكلىپ قىلىنغان مۇساپىرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدى.

## بەشىنچى مۇساپىر ھېكايىسى

ئەدەن مەملىكىتىدە جابىر ئىسىملىك بىر زالىم قاراقچى بار بولۇپ، بىر ئارالغا جايلىشىۋېلىپ، دائىم دېڭىز كارۋانلىرىنى بۇلاش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئاشۇ ئەتراپتا «بېھىش سەرا» دېگەن بىر شەھەر بار بولۇپ،

ئۇنىڭ پادىشاھى نەۋەر ئادالەت ۋە خەلقپەرۋەرلىكتە مەشھۇر كىشى ئىدى. نەۋەرنىڭ مېھرى ئىسىملىك تولىمۇ گۈزەل بىر قىزى بار ئىدى. بىر كۈنى مېھرى دېڭىز سەيلىسىگە چىقىپ قاتتىق بورانغا دۇچ كېلىپ قالدى ـ دە، بوران كېمىنى جابىر مەنزىلى تەرەپكە قاراپ سىلجىتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جابىر دەرھال بارلىق كېمىچىلەرنى ئەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىدى. ئۇ مېھرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، پەقەت مېھرىنىلا ئېلىپ قېلىپ، قالغانلارنى كېمىسى بىلەن قايتۇرۇۋەتتى. جابىر مېھرىگە گۈل بويلۇق نازىنىنلاردىن بىرقانچىنى ھەمراھ قىلىپ قويدى. ئۇ مېھرىنىڭ ھۆسنىنى كۆرسىلا بىھوش بولاتتى.

يەمەن مەملىكىتىدە نۇئمان ئىسىملىك بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ سۇھەيل ئىسىملىك ناھايىتى قاۋۇل ۋە ئەقىللىق بىر ئوغلى بار ئىدى. مېھرى بىلەن سۇھەيل ئۆزئارا نام ـ شەرىپىلىرىنى ئاڭلاش بىلەن بىر ـ بىرىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىشقانىدى. سۇھەيلنىڭ دادىسى كۆپلىگەن زىبۇزىننەت ۋە كاتتا ئىنئاملار بىلەن مېھرىگە ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ كېمىسى يول ئۈستىدە جابىرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. سۇھەيل ئۇنىڭغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بىراق بۇ ۋاقىتتا جابىر ئۆزى سۇغا چۈشۈپ، قارشى تەرەپ كېمىسىنىڭ ئاستىنى تېشىۋېتىپ،

كېمىنى سۇغا تۇشتۇرۇۋېتىپ، كېمە ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سۇغا غەرق قىلىپ، سۈھەيلنى تۇتۇۋېلىپ، زىندانغا تاشلىدى.

نەۋدەر نۇئمان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، جابىرغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. نەۋدەر قۇرۇقلۇق، نۇئمان دېڭىز ئارقىلىق لەشكەر تارتتى. ئەپسۇسكى نەۋدەر يول تۆپىسىدىكى بىر ئورماندا بۇغا قوغلاش بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، ئاخىرى جابىرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. جابىر ئۇنى مەخپىي رەۋىشتە زىندانغا تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ باشسىز قالغان قوشۇنى پارچىلىنىپ ھەريان تاراپ كېتىشتى، دېڭىزدا چىققان بوران نۇئماننىڭ كېمىلىرىنى ھەر تەرەپكە سۈرۈپ، ئۇ چۈشكەن كېمىنى دەل جابىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. جابىر بۇ پادىشاھنىڭ ئادەملىرىنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنى زىندانغا تاشلىدى. جابىر ئۆز غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلدى. ئۇ گەرچە كېچە ـ كۈندۈز مېھرىنى ئويلايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيتتى.

مېھرى جابىرنىڭ زىندانغا تاشلانغانلار ئىچىدە بىر يىگىتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ، سۈھەيلنى ئۆز ھالىدىن خەۋەردار قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولدى ۋە ئىككى نەپەر كېنىزىكى بىلەن زىندانغا كېلىپ،



www.uyghurkitap.com

بۇ يىگىتنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئۇنى سۇھەيلىنىڭ قېشىغا بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا بۇ يىگىتنىڭ ئۆزى سۇھەيل ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مېھرى ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ بېرىپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى.

بىر كۈنى جابىر باغدىكى سارايغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا سۇھەيل ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ھىيلە ـ مىكىر بىلەن ئىش قىلىش پالۋانلىق ئەمەس. سەن ئىتتەك پەسلىك قىلغان بولساڭ، مەن ساڭا يىگىتلىكنى كۆرسىتىپ قوياي» دېدى ۋە جابىرنى دەس كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن پۇت ـ قولىنى مەھكەم باغلاپ زىندانغا تاشلىدى.

سۇھەيل جابىرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئىگىلىدى. بارلىق مەھبۇسلارنى قويۇپ بەردى. شۇ قاتاردا نۇئمان بىلەن نەۋدەرلەرمۇ ئازادلىققا ئېرىشىپ، پەرزەنتلىرى بىلەن تېپىشىپ، بەختىيار بولدى.

بەھرام بۇ مۇساپىرغا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى قىلدى.

پەيشەنبە كۈنى بەھرام قارامتۇل رەڭلىك گۈلشەندە، قارامتۇل لىباسلار كىيگەن سەرۋى قامەتلىك گۈزەل بىلەن مەئىشەتتە بولدى. بۇ قېتىم چاقىرتىلغان مۇساپىر تۆۋەندىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى.

# ئالتىنچى مۇساپىر ھېكايىسى

مۇقىبىل ۋە مۇدبىر ئىسمىلىك ئىككى نەپەر ساياھەتچى غەربتىن شەرققە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار سەپىرىدە «غەزەپ ۋادىسى» دېگەن سەھرادىن ئۆتتى، بۇ دىيارنىڭ يېشىل بىغى تىكەنلىك، سۇ ۋە تۇپرىقى نېفىت ھەم گۈڭگۈرتتىن ئىدى. بۇ يەرنىڭ شاملى كىشى تېنىنى ئوتتەك ياندۇراتتى. تېمىم سۇمۇ بولمىغان بۇ دەشت ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان بۇ ئىككى ھەمراھنىڭ بىرى — مۇدبىر نارازى بولۇپ: «نېمىشقىمۇ مۇنداق سەھرا يارىتىلغاندۇ، سۇ پەيدا قىلىش شۇنچە مۇشكۇلمۇ؟» دەپ شىكايەت قىلغىلى تۇردى. مۇقبىل ئۇنىڭغا قايتىلاپ پەند - نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. ئۇلار ئاخىر دېڭىز بويىغا يېتىپ كېلىشىپ، شەرققە بارىدىغان بىر كېمىگە چىقىشتى. كېمە شامال تەسىرىدىن تىنىمسىز چايقىلاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن مۇدبىر يەنە «يەردە ھارارەت، سۇدا دولقۇن كىشىنى ئازابلايدىكەن، تەڭرىنىڭ ئىشلىرىدا ھېچ بىر تەرتىپ يوق ئوخشايدۇ» دەپ نالە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا شامال تېخىمۇ كۈچىيىپ، توپان كۆتۈرۈلدى. نۇرغۇن كېمىلەر غەرق بولدى. ئۇلار چۈشكەن كېمە مۇقبىلنىڭ تۈۋسى

بىلەن ئامان قالدى. يىراقتا بىر قارا كۆرۈنگەچكە ئۇلار كېمىنى شۇ تەرەپكە ھەيدىدى. ئۇ يەردە چوڭ بىر دەرەخ بولۇپ، دەرەخ تۈۋىدە قايناپ تۇرغان بۇلاق، بۇلاق بويىدا بىر تاش بار ئىكەن. ئۇ تاشقا «راستچىل ئادەم بۇ سۇدىن ئىچسە بىر ئايغىچە يېمەك ـ ئىچمەكتىن خالىي بولىدۇ. ئەگەر يالغانچى ئىچسە ئۈچ كۈندىن كېيىنلا سۇ ۋە تائام تەلەپ قىلىدۇ. سۇ ئىچكەندىن كېيىن يالغان گەپ قىلسا قورسىقى يېرىلىپ ئۆلىدۇ. يالغانچى بۇ سۇغا چۈشسە دەرھال بەدىنى كۆيىدۇ، راستچىل ئادەم چۈشسە ھۇزۇرلىنىدۇ. ئەگەر كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلاق، بۇرنىنى ئېتىپ چۆمۈپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرسە پەقەت ئۆزى كۆرمەكچى بولغان نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما شۇندىن كېيىن قايتا چۆمەي دېسە سۇ تۆۋەنلەپ كېتىپ چۆمەلمەي قالىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. مۇدبىر نارازىلىق ئىچىدە بۇ سۇدىن ئىچكەنىدى. قىلچە تەسىر قىلمىدى. مۇقبىل ئىچىپ راھەتلەندى. مۇدبىر سۇغا چۈشمەكچى بولغانىدى، سۇ ئۇنى كۆيدۈردى. مۇقبىل سۇغا چۈشۈپ راھەتلىنىپ چۆمۈلدى. ئاندىن بىلدىكى، بۇ بۇلاق ئەمەس خەزىنە ئىكەن. ئۇ سۇدىن چىقىشى بىلەن تەڭلا بىرنەچچە پەرى سىياقلار ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى سۈرتۈپ، قارامتۇل، ئېسىل كىيىملەرگە ئوراپ، قارامتۇل رەڭلىك قەسىرگە باشلىدى. ئۇ يەردە تەختتە ئولتۇرغان ئاي يۈزلۈك گۈزەل ئۇنىڭغا كۆپ

ئىلتىپاتلار قىلىپ بەزمە تۈزدى. بەزمىدىن سۆيۈنگەن مۇقبىل مەست بولۇپ، ئاي يۈزلۈك گۈزەلدىن ۋىسال تەلەپ قىلدى. گۈزەل: «بۇ كېچە مۇمكىن ئەمەس، ئەتىنە نىكاھتىن كېيىن بىللە بولىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما مۇقبىل سەۋرسىزلىك قىلدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگىنى كەيپى تارقىغاندىن كېيىن چۆمۈلۈش ئۈچۈن بۇلاققا چۈشتى. ئۇ بىر ـ ئىككى شۇڭغۇپ چىقىپ قارىسا ئەتراپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئەپسۇس ۋە نادامەت بىلەن يەنە مۇدبىر بىلەن بىرگە كېمە سەپىرىنى باشلىدى. مۇقبىل ئۆز قىلمىشلىرىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلغانىدى، مۇدبىر ئۇنىڭدا جۇنۇنلۇق پەيدا بولدى، دەپ پەرەز قىلدى. شۇ پەيتتە ئۇلارغا بىر چوڭ كېمە يولۇقتى. ئۇلار ئۆز كېمىلىرىنى بۇ كېمىگە ئالماشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۆتۈشتى. بۇ كېمىگە سەندەل ياغىچى قاچىلانغان بولۇپ، ئارىسىدا ئۆلۈكلەر ياتاتتى.

شەرق پادىشاھىنىڭ بىر گۈزەل قىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزگىرىش بولغان بىر چاغدا ھەكىملەر: «ئۇنىڭغا سەندەل ياغىچىنىڭ ھىدى داۋا بولىدۇ» دېيىشكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ سەندەل دەرىخىنىڭ ياغىچىدا بىر قەسىر بىنا قىلدۇرۇشنى پىلانلىغانىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سودىگەرلەر ھىندى ئېلىدىن سەندەل ياغىچى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. دېڭىزدا دولقۇن



www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈپ، كېمە قاينام ئىچىدە قالغانلىقتىن سەندەل ياغىچى يۆتكەپ كېلىۋاتقان سودىگەرلەر قورقۇپ كېتىپ ھالاك بولغانىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇقبىلنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ پىغان چەكتى، لېكىن مۇدبىر ئۆلۈكلەرنى سۇغا تاشلىۋېتىپ، يوك بىلەن كېمىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. ئۇلار قىرغاققا يېتىپ كەلگەندە شەرق مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بۇ كېمىگە قىزىقتى. مۇدبىر بۇ پادىشاھ بىلەن ئۇچراشتى ۋە شاھقا: «مەن بۇ كېمىنىڭ خوجايىنى بولىمەن، ئادەملىرىم دېڭىز دولقۇنىنىڭ زەربىسى تۈپەيلى ھالاك بولۇپ كېتىپ، پەقەت مۇقبىل ئىسىملىك بىر قۇلۇملا قالدى» دېدى. بۇ يالغان گەپ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بەدىنى ئىششىپ، ئارقىدىنلا قورسىقى يېرىلىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان شاھ مۇقبىلنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن ۋەقەنىڭ ئەينەن تەپسىلاتىنى ئاڭلىدى. مۇقبىلنىڭ راستچىل ۋە سەمىمىيلىكىنى ياقتۇرۇپ قالغان شاھ ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى ھەتتا كېيىنچە كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. بىر كۈنى مۇقبىل رەپىقىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. شۇ چاغدا شاھنىڭ قىزى: «چىن پادىشاھى ماڭا ئاشىق بولۇپ شۇ بۇلاق، قەسىرلەرنى بىنا قىلغان...» دېدى. دېمەك، مۇقبىل بۇرۇن بۇلاق ۋە قەسىرلەردە بۇ قىزنىڭ

سۇرىتىنى كۆرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋىسالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇپ، سەندەل ياغىچىدا ياسالغان بۇ قەسىردە ئۆز سۆيگىنى بىلەن مۇراد-مەقسىتىگە يەتتى.

جۇمە كۈنى بەھرام ئاق رەڭلىك قەسىردە گۈزەللەر بىلەن شاراب ئىچىپ بەزمە قۇردى. ئاندىن تەكلىپ قىلغان مۇساپىرنىڭ تۆۋەندىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىدى.

## يەتتىنچى مۇساپىر ھېكايىسى

مەن خارەزم دىيارىدىن كەلگەن سازەندە. بىر كۈنى: «جۇڭگۇلۇق بىر باي سودىگەر خارەزمگە كەپتۇ. ئۇنىڭ بىر كېنىزىكى سازنى ناھايىتى ياخشى چالىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالدى. بارچە ئۇنى كۆرگىلى باردى. كېنىزەكنىڭ يۈزى ئاق نىقاب بىلەن يۆگەلگەن، ئۈستىدىمۇ ھەم ئاق كىيىم. ئۇ كۈنى ئۇ ئىككى قېتىم — ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇن چاڭ چالدى. ھەتتا بىزنىڭ پادىشاھمۇ بۇ ئاجايىپ سەنئەتكار ۋە پەرى چىراي كېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قالدى. ئەمما سودىگەر: «بۇ گۈزەل شاھقا جۈپ بولۇشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز جۈپتىدىن ئايرىلغان» دەپ، پادىشاھنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. گەرچە شاھ ئۇنى زورلۇق بىلەن ئالدۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا

يېقىن كېلەلمىدى. چۈنكى پادىشاھ ئۇنىڭغا يېقىنلىشاي دېگەن ھامان ئۇ گۈزەل شۇنداق سېھىرلىك ساز چالاتتىكى، پادىشاھ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلاتتى. ئاخىر پادىشاھ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇ سودىگەر بىلەن ئاتا ـ بالا، ئاي يۈزلۈك گۈزەل بىلەن ئاكا ـ سىڭىل بىلەن ئۆتتى. ئۇلارغا ئاتاپ بىر كاتتا قەسىر ياسىتىلدى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەل دائىم يېقىملىق كۈيلەرنى چالاتتىيۇ، كۆڭۈل سىرىنى ھېچكىمگە بايان قىلمايتتى. خەلق ئۇنىڭ سازىغا مەجنۇنلارچە بېرىلىپ، مېنىڭ كۈيلىرىمنى پەرۋايىغا ئالمىدى. مېنىڭ ئىشلىرىم كاساتلىشىشقا باشلىدى. مەن سودىگەر ۋە ئۇنىڭ كېنىزىكىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ خىزمەتكە كىردىم. ئاي يۈزلۈك كېنىزەك دائىم ئاشىقانە كۈيلەرگە چېلىپ ھىجران دەردىدىن زارلىناتتى ۋە يوشۇرۇنچە ياش تۆكەتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا ئۆز تارىخىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مۇساپىر دىلئارام بىلەن بەھرام ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىپ كېلىپ: دىلئارام سەھرادا يالغۇز قالغان ۋاقىتتا جۇڭگودىن كېلىۋاتقان خوجىسىغا ئۇچراپ قاپتۇ، خوجىسى ئۇنى شاھتىن يىراق بولسۇن ئۈچۈن خارەزمگە ئېلىپ كەپتۇ. دىلئارام ھەرقاچان بەھرام ئىشقىدا زار، ئۆز ئىشىدىن پۇشايماندا ئىكەن، دېدى. بەھرام بۇ خەۋەرنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ مۇساپىرنى باغرىغا باستى ۋە شادلىقتىن ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ خارەزم شاھى ۋە دىلئارامغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ تېزلىك بىلەن ئۆز ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىشىنى ئۆتۈندى.

ئۇلار خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا دەرھال يولغا چىقىشتى. بەھرام ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ تەقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئارىدا بىر مەنزىل قالغاندا تاقەت قىلالماي، دىلئارام تۇرغان جايغا بېرىپ بۇ سۆيۈملۈك يارى بىلەن تېپىشتى.

بەھرام شۇنىڭدىن كېيىن سۆيگىنى بىلەن ئىزچىل بىرگە بولدى، ئۇلار يەتتە قەسىردە دائىم مەئىشەتتە ئۆتتى. يىللار شۇ تەرىزدە ئۆتۈپ، بىر كۈنى بەھرام ئوۋغا چىقتى. بۇ كۈنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن جەرەنلەرنىڭ تېنى يەر يۈزىنى قاپلاپ قانلار ئېرىق بولۇپ ئاقتى. شۇ پەيتتە يامغۇر يېغىپ، گويا پەلەك ئاسماندىن زېمىنغا دەريا ئاققۇزغاندەك بولدى. ئوۋ مەيدانى يۇمشاق ياۋا ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغانىدى. بىھېساب تۆكۈلگەن قان ۋە يامغۇر سۈيىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن يەر پاتقاق بولۇپ قالدى. بەھرام ۋە ئۇنىڭ ئوۋغا بىرگە چىققان ئادەملىرى پاتقاققا پېتىپ كەتتى.

نەۋائىي كېيىنكى بابتا جاھاننىڭ بىۋاپالىقىنى تەكىتلەپ، كاتتا پادىشاھلارنىڭمۇ يوق بولۇپ

كەتكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ئالاھىدە بىر باب ئاجرىتىپ، چۈشىدە بەھرام بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى؛ بەھرامنىڭ شائىرنىڭ، ئۆزىنىڭ نامىغا داستان يازغانلىقى ئۈچۈن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ داستاننى تۈركىي تىلدا يازغانلىقىدىن مەمنۇنلۇقىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئاندىن ھۈسەين بايقارانىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىگە ياخشىلىق ۋە سائادەت تىلەيدۇ. كىشىنىڭ پەقەت ياخشىلىق بىلەنلا نام قالدۇرۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.